1991 3



# شنجاڭ مەدەنيتى

XINJIANG CIVILIZATION



چیچه‌ك په‌سلی

یاك جنچلك فوتوسی

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىككە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى شۇنىڭدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى بەزى زور، مۇھىم ئىدىيىۋى - نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ ھەم تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت ۋە ئەمەلىي دەلىللەش ئارقىلىق بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ زەھەر ۋە تەسىرلىرىنى داۋاملىق تۈگىتىش، ئىدىيە ساھەسىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات، ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتىدە پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكى پرىنسىپىدا، «بىرىنچىدىن مۇقىملاشتۇرۇش، ئىككىنچىدىن غەيرەتكە كېلىش» ۋە «ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىدا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئالىيجاناب خىسلىتى، قويۇق مىللىي دوستلۇقى ۋە قىزغىن تۇرمۇشىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت، سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىش لازىم. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىللەتنىڭ، جۈملىدىن چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە ئالتە زىيانلىق قىلمىشنى تۈگىتىش كۈرىشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىجادىيىتىنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك.

(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىن)



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

40 - يىل نەشرى

1991 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 190 - سان)


## بوستاندا


ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى ........ سۇڭ خەنلياڭ 1

مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىن قەدىمكى غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر ........ مۇھەممەت زۇنۇن 3

ئەدەبىيات گۈلزارى

قەدىمىي زەرداپ ........ (ھېكايە) ........ ئەختەم ئۆمەر 24

نەسىرلەر ........ ئەخمەت ئىمىن 11

مەن ئەقىل ئىزلەيمەن ........ (لىرىك داستان) ........ قۇربان بارات 43

مۇھاكىمە

تارىخىمىز ئاق قالمىسۇن ........ ئەنۋەر توختى 16

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ھاراقنىڭ تارىخى ........ (رىۋايەت) ........ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋاھاپجان رازىق 40

ئۇسسۇل سەنئىتى

بەدەن ھەرىكىتىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى رولى ........ ئەنۋەر توختى 53

ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

دانىشمەنلەر ئەدەب- ئەخلاق توغرىسىدا ........ نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ب. شېرىپ، پ. ساتتار 67

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

مەجنۇنتالنىڭ نوتىسى ........ (ھېكايە) ........ سەئىدۇللا سىيايېۋ 72



مۇقاۋىدا: سەنئەت غۇنچىسى، تۇردى ئېلى فوتوسى. مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: گۈل، ياش چېچەك فوتوسى. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)

# مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىن قەدىمكى غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر





مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى — توغرا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى تىكلەپ، تارىخنى ئۆگىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن شەرھلەپ، تارىختىكى ۋەقەلەرگە، تارىخىي شەخسلەرگە توغرا باھا بېرىش ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا ئىجابىي تەربىيە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەمما، تۇرغۇن ئالماس 1986 - يىلى 10 - ئايدىن 1989 - يىلى 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئۈچ كىتابنى ئاشكارا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇ ئۈچ كىتابتا تارىخىي ماتېرىياللارنى بۇرمىلاپ،

ئۆزگەرتىپ ۋە توقۇپ چىقىپ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرى — شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاش، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىش، بۆلۈنۈشكە قۇترىتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈچۈن تارىخىي «ئاساس» ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۈچ كىتابتا شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى ئاشكارا ئىنكار قىلىنغان.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تاسادىپىي بولغان ئەمەس. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنكاسى، پانتۈركىزمنىڭ كاتتىۋېشى مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۆلگۈنچىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئەسىرى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ بۈگۈنكى كۆچۈرۈلمىسى. ئۈچ كىتاب مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى.

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى، ئۇنىڭ تارىخى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئوداللىق ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلاردۇر. لېكىن ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تارىختىكى زور پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەپتارتماستىن «مۇستەقىللىق تارىخى» قىلىپ يازغان.

ئۇ غەرەزلىك ھالدا: «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ مىلادىنىڭ XIV ئەسىرىگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە... قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان»، «جۇڭگونىڭ چېگرىسى سەددىچىن سېپىلى ئىچىدە»، «ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا سودا ئىشلىرى ئاساسەن ئەلچىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى»، «ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر كېڭشۇ خانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى بەگلىكلەر بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى» دەپ بىلجىرلاپ، جۇڭگونىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكى، شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ يىمىرىلمەس تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا كۆچەپ ئۇرۇنۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا ياشاپ كەلگەن دېگەن ئەپسانىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

تارىخىي پاكىتلار — ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر. شىنجاڭ تارىختىن بۇيان غەربىي رايون (يۇرت) دەپ ئاتالغان. تارىخىي مەنبەلەردە: خۇاڭدى پادىشاھنىڭ لىڭ لۇن دېگەن كىشىنى مۇزىكا كۈيلىرىنى ئىشلەشكە بۇيرۇغاندا، ئۇنىڭ تاڭغۇتنىڭ غەربىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە ئەركەكچى ئالتە خىل، ئۇرغاچىسى ئالتە خىل سايرايدىغان قېقىنۇس قۇشىنى

كۆرگەنلىكى (غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان ليۇشياڭنىڭ «مۇھاكىمە بېغى – 刘向: 说苑» فا قاراڭ)؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 21 – ئەسىردىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تۆت تەرەپ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلغانلىقى ياكى تىلۇ ئالىملىق كىشىنىڭ. (بەزى مەنبەلەردە تىلۇ ئەڭ قەدىمكى ئەدەب مۇزىكا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەنسەپ ئىسمى، دېيىلىپ ئىزاھلىنىدۇ) تۆت تەرەپ قەبىلىلەر مۇزىكىسىنى ئىگىلىگەن ئاساسلىق سەنئەتكار ئىكەنلىكى رىۋايەت ۋە قەيت قىلىنغان («جۇ قائىدە – يوسۇنلىرى – 周礼» دېگەن كىتاب بىلەن «چى قەبىلىگاھلىقىنىڭ يىلنامە خاتىرىسى – 汲冢纪年» دېگەن كىتابقا قاراڭ). شىنجاڭ (غەربىي رايون) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مەملىكىتىنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ئىدى. غەربىي خان سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 60 – يىلى غەربىي رايوندا تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن بۇيان، تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خانلىقلارنىڭ ھەممىسى غەربىي رايوندا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنى قۇرغان ۋە ئىدارە قىلغان. غەربىي رايون مەركىزىي خانلىق بىلەن باشتىن – ئاياغ ئىزچىل تۈردە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن قارىغاندا، چىن سۇلالىسى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى مەزگىلدە، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ھونلار، ئوغۇزلار، غەربتە غەربىي رايوندىكى مەملىكەتلەر، جەنۇبتا ياۋلار، دىيەنلەر، ئەيلاۋ، زاڭكېي، دەنماڭلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەملىكەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئىناق بېرىش – كېلىش قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دېمەك، كۆپ مىللەتلىك پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا غەربىي رايوندىكى مەملىكەتلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار)مۇ ئورتاق ئىشتىراك قىلغان.

بولۇپمۇ جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ كېلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي دىيارنىڭ يولىنى ئېچىپ ئىككى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئورنىتىش نەتىجىسىدە خەنزۇلارنىڭ تەرەققىي تاپقان مەدەنىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى قەدەممۇ قەدەم غەربىي دىيارغا يېتىپ كەلگەن؛ غەربىي دىيارنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى، ئاتلىرى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇزىكا – ئۇسسۇل تارىخىدا زور يېڭىلىق پەيدا قىلغان. جاڭ چيەن شىنجاڭدىن (غەربىي رايوندىن) نەيىنى، بۇرغىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە «مۇقەددۇل نەغمىسى» دېگەن كۈينى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى شىجۈن، جىيېيۇ ۋە ئۇنىڭ كۈچا (كۇسەن) خانى جايغانغا ياتلىق قىلىنغان قىزى دى شى قاتارلىقلار غەربىي رايونغا ياتلىق قىلىنغاندا جۇ، زىڭ، سەي، چىڭ قاتارلىق قەدىمكى مۇزىكىلار ۋە سازەندىلەرنى بىللە ئېلىپ چىققان. خەن ئوردىسىنىڭ مۇزىكا دورغاپى لى يەننيەن غەربىي رايون مۇزىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ھەيۋەتلىك ھەربىي ۋە ساراي ئوركېستىرى تۈزۈپ چىققان. ئۇ، جاڭ چيەن ئېلىپ كەلگەن «مۇقەددۇل نەغمىسى»گە ئاساسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن 28 نەغمىنى ئىجاد قىلغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غىجەك، بەرباب (پىپا)، بالىمان، غوڭقا قاتارلىق غەربىي رايون چالغۇلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەنئەنىۋى چالغۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

جىن دەۋرىدە ئۆتكەن لۇي گۇاڭ (لياڭ بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى) 382 - يىلى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۇچاغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن كۇچادىن مەشھۇر بۇددا ئالىمى، تىلشۇناس، شائىر كۇمراجىۋانى ۋە دىرامچىلار، سەنئەتچىلەرنى ئېلىپ لياڭجۇغا بارغان. غەربىي رايون مۇزىكا سەنئىتىنىڭ دول بۇلىتى بولغان مەشھۇر كۇچا مۇزىكىلىرى ئالدى بىلەن گەنسۇ كارىدورىغا ئاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كىرىشكە باشلىغان.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۇچا مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارالغان. مىلادى 5 - ئەسىردە سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىسى، قوجۇ (ئىدىقۇت) مۇزىكىسى، كاڭگو (سەمەرقەند) مۇزىكىسى، ئەنگو (بۇخارا) مۇزىكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان ھەم ئومۇملاشقان.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە رەتكە تۇرغۇزۇلغان «يەتتە قىسىملىق مۇزىكىلار» ۋە «توققۇز قىسىملىق مۇزىكىلار» قاتارىدا شىلياڭ (كانجۇت) مۇزىكىسى، چىنشياڭ مۇزىكىسى (جەنۇبىي سۇلالىلەر نەغمىلىرى)، گاۋلى (كورىيە) مۇزىكىسى، ھىندىستان مۇزىكىسى، ئەنگو (بۇخارا) مۇزىكىسى، كۇسەن (كۇچا) مۇزىكىسى، لىبى (نىقابلىق ئويۇنلار) مۇزىكىسى، سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىسى، كاڭگو (سەمەرقەند) مۇزىكىلىرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مىس تىخسە (جاڭ)، تەزمانەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى كۇسەن تام رەسىملىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان ھەم كۇسەن مۇزىكىلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا شانلىق تۆھپە قوشقان تاڭ دەۋرى سەنئىتىدە غەربىي رايون (شىنجاڭ) ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەسسىلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بېيىتقان. تاڭ دەۋرىدىكى «ئون قىسىملىق مۇزىكا»نىڭ ئالتىسى غەربىي رايوننىڭ بولۇپ، كۇسەن مۇزىكىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. تاڭ دەۋرىدىكى دومباق ئۇسسۇلى مۇزىكىسىنىڭ ھەممىسىگىلا كۇسەن ئاھاڭى ئىشلىتىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى غەربىي رايون مەدەنىيىتىنى تولىمۇ ياقتۇرغان. شۇ دەۋرلەردە ئوينالغان ئويۇنلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا بولغان قىزىقىش، ھەۋەس، مۇھەببەت، ئىشتىياق توغرىسىدا تاڭ دەۋرىدىكى شائىر، ئەدىبلەردىن لى بەي، بەيجۈيى، ليۇ يۈشى، يۈەن جېڭ، ۋاڭ جيەن، جاڭ خۇ، سېن شېن، شۈي نىڭ، شۈي فېڭ، ليۇ يەنشى، ياڭ جۈيۈەن، ليۇ مېڭدى، لى يى، لى دۈەن، شېن ياجىڭ، گاۋپيەن، گوكۇاڭ، خۇارۇي خېنىم قاتارلىقلار پاساھەتلىك، گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرغان.

ۋاڭ جيەن ئۆزىنىڭ «لياڭجۇغا ساياھەت» ناملىق شېئىرىدا:

«تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،

شەھىرى لياڭدا جىمى ئۆي مەشق قىلار خۇ ① سازىنى» دەپ يازسا، يۈەن جېڭ «نەمۇنىلىك نەغمىلەر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئوغۇللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلار سىمان.
«سۇمۇرۇغ ئاتەش»نىڭ ساداسى مۈڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
«نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭراتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىنىەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەسبەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

① خۇ — شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىشى.

بۇنىڭدىكى «سۇنۇرۇغ ئاتىش» ئاھاڭىنى قاشقەرلىك مۇزىكانت پەي شىنفۇ ئىجاد قىلغان. «باھار بۇلبۇل ناۋاسىدا»نى كۇچارلىق مۇزىكانت ماندا ئاقارى ئىجاد قىلغان. بۇ ئىككى ئاھاڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكانتلىرىنىڭ «خۇيلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى بولۇپ، بۇ، غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ھەقتە يولداش ماۋزېدۇڭ: «سىزي مۇزلاننىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ. تاڭ سۇلالىسى-نىڭ ئون نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي رايون نەغمىلىرى» دېگەن ئىدى (ماۋزېدۇڭ: «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت»كە قاراڭ).

كۇسەن (كۇچا) مۇزىكىسى تيەنباۋنىڭ 4-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 745-يىلى) غەربىي جەنۇب رايونىغىمۇ تارالغان. «يېڭى تاڭنامە»دە بۇنىڭدا كۇسەن مۇزىكىسى تارالغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. مانا بۇ تارىخىي پاكىتلار ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرى-سىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

غەربىي رايون سەنئەتكارلىرى خەن، تاڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. كۇچالىق مۇزىكانت سۇجۇپ، ئاقار ماندارى؛ قەشقەرلىك مۇزىكانت پەي شىنفۇ، پەي ۋو؛ خوتەنلىك مۇزىكانت ۋېيسارچىن، ئاتا - بالا رەسساملار ۋېيسائىراساتكا، ۋېيسابائىجىنا... قاتارلىق ئىسمى تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان 150 نەپەردىن كۆپرەك غەربىي رايون سەنئەتكارلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئېلىپ بارغان پائالىيىتى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

«يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشى ۋە دوستانە بېرىش - كېلىشلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيىتىمۇ غەربىي رايونغا تارالغان ئىدى. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يازما ھۆججەتلەر خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ غەربىي رايوندا كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1950-يىلى 10-ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىرەن شەھىرى خارابىسىدىن ئۇيغۇر كەكمە-نىڭ مىلادى 850-يىلى يېزىلغان ئۈچ شېئىرىنىڭ تېپىلىشى، ئۇنىڭدىكى «خەت ئۆگىنىش» دېگەن شېئىردىكى: «خەنزۇلارنى قەدىمدىن ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنمىز، خەت ئۆگىنىپ ھېچقاچان ھېرىپ قالغان ئەمەسمىز. ئون نەچچە يىل بۇ خەتنى ئۆگىنىپتۇ بوۋىمىز، ئون ۋە ئىككى يىل بىلەن تاماملاپتۇ دادىمىز. ماڭا كەلگەچ بۇ خەتنى ئون ئۈچ يىلدا ئۆگەندىم. لى بەي بىلەن دۇفۇنىڭ دىۋانىدىن زوقلىنىپ، ئۇستاز تۇتۇپ كەلمەكتە ھەممە ئۇنى ئۆگىنىپ» دېگەن مىسرالار؛ كۆكىزىنىڭ «دۇھاكىمە ۋە بايان»نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخى-لىرىنىڭ تۇرپاندىن بايقىلىشى- ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايونغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر. جوڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تەرىقەت دىنى (داۋجياۋ)مۇ غەربىي رايونغا تارالغان ھەم تۇرپان ئەتراپلىرىدا خېلىلا راۋاج تاپقان. قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلما بويۇملاردىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان بويىنىغا زۇننار ئېسىلغان قوش ھايۋان سۈرىتى نەقىش-لىرىنىڭ بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «بويسۇندۇرۇلغان نۈيۋا سۈرىتى» خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى مىللەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى، خوتەندىن قېزىۋېلىنغان ساپال قورچاق ھەيكەللەردىن ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئورتاق گۈللىنىدىغانلىقىنى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، گۈللىنىش داۋامىدا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تازا گۈللەنگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل — تاڭ خانلىقى غەربىي رايوندا ھاكىمىيەتچىلىكنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش شەكلىنى يولغا قويغان. تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىشتا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ھەراۋۇل مەھكىمىسى تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەنشى (ھازىرقى كۇچا)، بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار)دا ھەراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئەنشى ھەراۋۇل مەھكىمىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننى باشقۇرغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدا كىنگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن (كۇچا)، ئۇدۇن (خوتەن) تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان؛ بەشبالىق ھەراۋۇل مەھكىمىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايوننى باشقۇرغان ھەم بۇ رايوننى ئىچكىرىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بويىچە بىرقانچە مەھكىمە، ئايماق، ناھىيىگە ئايرىغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي رايونغا قارىتىلغان باشقۇرۇشنى غەربىي خەن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيتكەن. غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان.

«ئەن لۇشەن — شى سىمىڭ توپىلىڭى» بولغاندا ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا دوستلۇق - ئىناقلىقنى كۈچەيتكەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە يەنىلا ناھايىتىزىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. خوتەندىكى لى فامىلىلىك بەگلىك يەنىلا خەنزۇچە يىلنامىنى ئىشلەتكەن ۋە تاڭ خانلىقىنى بۈيۈك خانلىق دەپ ئاتاپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىزچىل تۈردە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ خانلىق ئۆزىنى جۇڭگونىڭ بىرقىسمى ئاتاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

ئەمما، تۇرغۇن ئالماس بۇ تارىخىي پاكىتلارنى مەرەزلىك ھالدا بۇرمىلاپ، تەپتارتماستىن «قاراخانىلار بىر دۆلەت ئىدى»، «قاراخانىلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سىياسىي جەھەتتىن دوستانە، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بولغان ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا قويۇق، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولىدى» دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرى ئۆزلىرىنى جۇڭگولۇق دەپ تونۇپ ئۆزلىرىنى تابغاچ دەپ ئاتاشقان. بۇ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ جۇڭگو خاقانلىرى ئىكەنلىكىنى، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ جۇڭگونىڭ بىرقىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمما ئاپتور «تابغاچ» جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق دەيدۇ: «‹تابغاچ› ‹ماچىن› ئېلىنىڭ نامى، بۇ مەملىكەت ‹قىتان›دىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا. ‹چىن› ئەسلىدە

ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، «تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «قىتان» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، تۆۋەن چىن بولۇپ «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر «تابغاچ» ماچىن دەپ، «قىتان» چىن تونۇلۇۋاتىدۇ». بۇ ئىلمىي پاكىتلاردىن مەلۇمكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنى چىنلىق-جۇڭگولۇق دەپ قارىغان. قاراخانىيلارنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن مۇستەقىل دۆلەت ئەمەسلىكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي - تارىخىي پاكىتقۇ؟

تۇرغۇن ئالماس تارىخىي پاكىتلارنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى مەقسەتلىك ھالدا مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئۇنى ياۋروپادىكى «ئەدەبىي ئويغىنىش» دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئۇنى ياۋروپادىكى «ئەدەبىي ئويغىنىش» دەۋرىدىن تالاي يىللار ئىلگىرى باشلانغان، دەپ دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسى ئۈچۈن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تارىخىي ئاساس تاپماقچى بولغان.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئادەملەرگە شۇ پاكىت ئايانكى، XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن «ئەدەبىي ئويغىنىش» ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ياۋروپادىكى فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ دەۋرىي ئۆزگىرىشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىنكاسى، بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئېپتىداسى ئىدى. ھالبۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر بولسا فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. گەرچە بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى شانلىق نامايەندىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئىنسانىيەت ئەزەلدىن تارتىپ بېشىدىن كەچۈرمىگەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىش قىلىش» رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

تۇرغۇن ئالماس مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش داۋامىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى، خەنزۇلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلغان. ۋەھالەنكى، يۈەن سۇلالىسىگە دائىر تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، غەربىي رايوندىن جۇڭگو-نىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىققان مىللىي ئەدىبلەر 60 نەپەردىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغىنىلا 20 نەپەردىن ئاشىدۇ. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان بويەن، ليەن شىشەن، بوھەي؛ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان گاۋكېگۇڭ، ماۋزۇچاڭ، سەيدۇللا؛ يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن گۈەن يۈنشى، ئېلى ھەييا، ئېلى سىيىن ھەم يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان نايجان، تەي بوخۇا، دىڭ خېنيەن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر، سەنئەتكارلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پائالىيەتلىرى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ھېسابلانمامدىكەن؟ مانا بۇ ئەدىبلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بولمامدىكەن؟

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى — ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي دەۋر داۋامىدا ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ئالاقە قىلىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش جەريانى. بۇ ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئالاقە، ئالغا ئىلگىرىلەش مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى داۋامىدا ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە كونكرېت شەكلى، تارىخىي باسقۇچلارنىڭ ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان، ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ روھىي ماھىيىتى بىردەك بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى شىنجاڭ (غەربىي رايون) بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، قويۇق بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزچىل ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئەنئەنىدىنلا چېگرا رايوننى ئورتاق ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب ئىلمىي ئەسەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىلمىي مۇھاكىمىنى نىقاب قىلىپ، مىللىي «مۇستەقىللىق»نى يادرو قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرقاتار خاتا ئىددىيە، قاراشلارنى تەپتارتماستىن تەرغىب قىلغان ۋە تارقاتقان، ئۇ ناھايىتى زور ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە.

بىز «ئۈچ كىتاب»تىن ئىبارەت بۇ سەلبىي دەرسلىكتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېستىمىسىدا پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا بىرقېتىملىق جانلىق، چوڭقۇر ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت مەدەنىيەت- سەنئەت خادىملىرى شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4- قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداش، شىنجاڭنىڭ تىنچ، مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.








ئەخمەت ئىمىن

## ئۇنتۇلغان بۇرچ

ئۇنتۇلغاقلىقىمۇ ئىنسان ئۈچۈن غەلىتە كېسەل. ياشانغىنىمىزدا بۇنداق بولۇپ قالساق، ئۇ چۈشىنىشلىك، خەقمۇ كەچۈرىدۇ، ئۆزۈڭمۇ كەچۈرىسەن. لېكىن ياشلىقىڭدىلا ئۇنتۇلغاق بولۇپ قالساڭ، بۇنىڭغا خەق تۇرماق ئۆزۈڭمۇ كۈلمەي ئىلاجىڭ قانچە!؟

يات بىر شەھەردە ئاغىنەم بىلەن ساياھەتتە بولۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تار كوچىلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيىنى قونالغۇ قىلغان ئىدۇق. ئېسىڭلاردا بولسۇن: بىز بۇ ئۆيگە شۇ كۈنى كۈندۈزدە ئورۇنلاشقان. بازار ئايلىنىپ قورساقمۇ تازا ئاچقان مەھەلدە ھېلىقى ئۆيگە قايتماقچى بولدۇق. كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇراتتى. مەن بەزى ئالامەتلەرگە قاراپ ئوڭ تەرەپتىكى كوچىنى شۇ دەپ جەزملەشتۈردۈم. لېكىن ئاغىنەم مېنىڭ دېگىنىمگە ئۇنىمىدى. ئۇ سول تەرەپنى كۆرسەتتى. مەنمۇ جاھىل، گېپىمدە چىڭ تۇردۇم. ئۇ مېنى ئۇنتۇلغاق، دېدى، مەنمۇ ئۇنى، يادىڭدا بىر نېمە تۇرمايدۇ، دەپ ئەيىبلىدىم. ئۇ، مەن بۇ

شەھەرگە بۇرۇن كېلىپ باققان، دېدى. مەن، بۇرۇن كېلىپ باقمىغان بولسامۇ، بۇ كوچىدىن تېخى چۈشتىلا چىققان، دېدىم. بىز خېلى تالاشتۇق. ئاخىرى مەن:

— ئۇنداق بولسا، ھەر بىرىمىز بىلگەن يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدىم. ئۇ كۈلدى ۋە:

— ياق، سەن بىلەن بىللە ماڭاي، لېكىن بۇ تەن بەرگىنىم ئەمەس، — دېدى.

مەن غەلىبە تەمەنناسى بىلەن ئۇنى باشلاپ ئۆزۈم دېگەن كوچىغا ئېلىپ كىردىم. كېتىۋاتىمىز، كېتىۋاتىمىز، بىز چۈشكەن ئۆي كۆرۈنمىدىغاندەك ئەمەس. ماڭغانسېرى كىچىك كوچىلار كۆپىيىپ، كۆرۈپ باقمىغانلا بىر يەرلەرگە كېلىپ قالدۇق. مەن ئاخىر گاڭگىرىغان ھالدا ئاغىنەمنىڭ كۆزىگە قارىدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى ۋە گەپ - سۆزسىزلا كەينىگە بۇرۇلدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ھېلىقى كوچا دوقمۇشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ مېنى بايام دېگەن يولغا باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ھېلىقى ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە خىجىللىق ئارىلاش قارىدىم. ئۇ كۈلدى. دېمىسىمۇ، ئۇ كۈلۈشكە ھەقلىق ئىدى. لېكىن كۆڭلۈمدە بىر نەرسە چىگىش: نېمىشقا ئۇ ئۆزىنىڭكى توغرا بولغاندىكىن، ئۆز يولىغا كېتىۋەرمىدى؟ نېمىشقا مېنىڭ كەينىمدىن ماڭدى؟ مەن كۆڭلۈمدىكى ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭدىن سورىدىم.

ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ كەينىڭدىن ماڭغىنىم خاتالاشقانلىقىڭنى ئۆزۈڭگە تونۇتۇش؛ ئۆزۈمنىڭ يولىغا كېتىۋەرمىگىنىم، توغرا يولغا سېنىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىش. دوستىنى ئازغۇن يوللارغا يالغۇز سېلىپ قويۇش ئادەملىك بۇرچ ئەمەس.

مەن قايىل بولغان ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم. ئۇ كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا بايامقى ئۇنتۇلغاقلىقىمنى ئەمەس، بەلكى مەن ئۇنتۇپ قالغان ئاجايىپ بىر بۇرچنى ئەسلا قىلغان ئىدى.

## تەبىئەت تەبەسسۇمى

كېپەندەك ئاپئاق قارلارغا پۈركىنىپ قالغان دەل - دەرەخلەر، كۆك مۇز ئىلكىدە سوغۇق مۈردىدەك قاتقان زېمىن، ئۆڭكۈر - ئۆچەكلەردە زىنداندىكىدەك قامىلىپ قالغان ھايۋانات، ئەينەك قەسىر ئىچىگە ئەسىر بولۇپ شوخ مەۋج ئۇرالمىغان سۇ — ھەممىسى - ھەممىسى ئەركىنلىككە چىقتى.

كۆكتە پەرۋاز، باغدا ناۋا قىلالمىغان ئۇچار قۇش، بېشىنى رۇسلاپ كۆتۈرەلمىگەن مايسا، جىلمىيىپمۇ كۈلەلمىگەن چېچەك، ئويناقشىپ سەكرىيەلمەي بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتكەن قوزا — ھەممىسى - ھەممىسى يايراپ كۈلۈشتى.

قاراڭغۇلۇق تەرەپكە ئارقىنى تارتىپ كەتكەن تۈن كۈننىڭ ئاستا - ئاستا كۈچەپ تارتىشى بىلەن ئاخىر مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىغا كەلدى. قۇياش مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى، باھار شاماللىرى غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى، ساما شادلىق كۆز يېشى تۆكتى.

جاھان بۇ تاماشاغا قاراپ سۆيۈندى. مەنمۇ سۆيۈندۈم. چۈنكى بۇ يېڭى بىر يىل، يېڭى بىر ئاي، يېڭى بىر كۈن، يېڭى بىر باھار بىلەن باشلىنىۋاتقان قۇتلۇق كۈن ئىدى.

بوۋامنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىشلار دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈن ئىكەن. ئالەممۇ دەل مۇشۇ كۈنى بىنا قىلىنغان ئىكەن. توپان بالاسىدىن كېيىن ئىنساننىڭ ھاياتقا قايتا كۆز ئېچىشىمۇ دەل مۇشۇ كۈندىن باشلانغان ئىكەن. ئاجايىپ مۆجىزە ياراتقان زاتلارنىڭ لەھەڭ قارنىدىن قۇتۇلغان، قاتمۇ قات تاغلاردىن يول ئېچىپ چىققان ئاجايىپ قىسمەتلىرىمۇ دەل مۇشۇ كۈنى يارالغان ئىكەن. شۇڭلاشقىمۇ خەلقىم بۇ كۈننى ئەڭ ئۇلۇغ

كۈنلەرنىڭ باشلانمىسى سۈپىتىدە، ئىرادە كە-
مىرىنى چىڭىتىپ غەلىبە مەنزىلىگە يۈرۈش
قىلىدىغان مۇقەددەس كۈنلەرنىڭ بىرىنچى
قەدىمى سۈپىتىدە قەدىرلەيدىكەن ۋە خاتىرى-
لەيدىكەن.

بۇ بەلكىم راستتۇ ياكى ئەپسانىدۇ، لېكىن نېمىلا بولسا بولسۇن، ئىشىنىپ بۇ كۈننىڭ خاسىيەتلىك باھار بىلەن باشلىنىدىغىنى ئې-نىقتۇ!

دېھقان ئاتامنىڭ بەرىكەتلىك ئىشى مۇشۇ باھار بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ سالغان قوش ئى-زىدىن ئەمدى ھاياتلىق نېمىتى ئۈسىدۇ. چار-ۋىچى تاغامنىڭمۇ، باغۋەن ئاكامنىڭمۇ ھەممىسى-نىڭلا شۇنداق.

بۇ شۇنداق خەيرلىك كۈن — تەبىئەتمۇ، ئىنسانمۇ تەبەسسۇم ئەيلىگەن كۈن. تەبىئەت-مۇ، ئىنسانمۇ شادلانغان كۈن، مېنىڭ بايرىمىم — مېنىڭ مۇبارەك نورۇزۇم!

## پۇشايمان

چۆلدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن قامغاق توغ-راققا قاراپ ھەۋەس قىلدى:

— ھەي، ئۆز ۋاقتىدا توغراقتەك يىلتىز تارتالىغان بولسام، بوران مېنى مۇشۇنداق بوزەك قىلالارمىدى؟

## دوستۇمغا

تەشنەكتىكى گۈلنى دورىما، دوستۇم، ئۇ خەقنىڭ ھىممىتىدىن ئايرىلسا سولىشىپ تۈگەيدۇ.

تاشنى يېرىپ چىققان ئۇرۇقنى ئۈلگە قىل، دوستۇم، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى يارىتىدۇ.

## كۆل بويىدا

ئۇ كۈكۈم بىلەن تەڭ ئويغاندى. تۈن ئۇخ-لاپ چارچىسىمۇ ئۇ چارچىمىدى. تاڭ قۇياشى-نىڭ چاتقال يوچۇقلىرىدىن يىڭنىدەك، قىلتى-رىقتەك، نەيزىدەك چۈشكەن شولىلىرىمۇ ئۇنى سوگىتەلمىدى. ئاخىر شامالنىڭ يۇمشاق ئال-قىنىدا كەلگەن بۆزغۇنلار ئۇنىڭ يۈزىگە چې-چىلدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

ئۇ سۇمبۇل چاچلارغا چىرمىلىپ خۇش پۇراققا مەست بولۇپ ياتتى، ئەيش - ئىشرەت ئۇنى سۈلۈكتەك شۈمۈرۈپ لايىدەك ئەزدى. ھارغىنلىق ئۇنى ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن چىرمىۋالغان ئىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى، شۇ زامات پۈ-تۈن ۋۇجۇدى يايراپ كەتتى.

ئۇ ھازىر سەگەك.

ئۇ بىر نېمىنى بىلىپ يەتتى: سۇ ئۆزى ئويغاق بولغاچقىلا ئۆزگىنى ئويغىتالايدىكەن؛ سۇ ئۆ-زى سەگەك بولغاچقىلا كىشىنى سەگىتەلەيدىكەن.

## قىراۋ

قۇياش قوينۇڭدىن مېنى يۇلۇپ ئېچىپ كەتكەن ئىدى، ئېقىن. ھىجرانىڭدا ئاق چاچ-لىقنىڭ ئۆزى بولدۇم.

ساھىلىڭدىكى تۇز دانچىسىدەك ھالىتىمگە قاراپ مېنى تونۇيالماۋاتامسەن؟

## قار

ئۇ ئاققۇنىڭ لېۋىگە تەگكەن سۇ ئىدى، ئاسماندا ئاققۇدەك سەيلە قىلىشنى ئارزۇ قىل-دى، ھەتتا ئۇ يەردە ئۆزىنى ئاققۇغىمۇ ئوخ-شاتتى.

ئاسمان ئۇنى قەھرى بىلەن مۇزلىتىپ تۆ-ۋەنگە چۈشۈرىۋەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ پەقەت شۇ ئاققۇنىڭ يۇلۇنغان موي - پەيلىرىگىلا ئوخشايتتى.

## ئۇيقۇسىزلىقتىكى ئۇيقۇچان خىياللار

تۈن كېچە. بىرە - بىرە ئەسكەن ئىسسىق شامال ماڭا خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەت-كەن بىمارنىڭ ھارارەتلىك تىنىقىدەك كۆ-ڭۈلسىز بىلىنمەكتە. ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ئارى-سىدىن يىلاندەك شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي شولىسى ئەترابىمغا تەگكىدەك، چىلاندەك، سازاڭدەك ... قىسقىسى، ھەر خىل - ھەر ياڭزا شەكىللەرنى چۈشۈرمەكتە. تىنجىق ھاۋا مەندىكى ئۇيقۇدەك

شەپەلىرىنى ئالەمقايىلاقلارغا قوغلىۋەتكەن ئىدى. ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىم – كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ سان ساناش، بىرلا مەنزىرىگە خىيالىمنى بەند قىلىش، ۋەھاكازالارنىڭ ھېچقايسىسى كارغا يارىمىدى. خىياللار – باش – ئايىغى يوق، كۆڭۈللۈك – كۆڭۈلسىز، مەنىلىك – مەنىسىز خىياللار كاللامنى چىرماپ، ئەسەبلىرىم چىدىمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە تەكىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كېرىلگىنىمچە ئېرەڭسىزلىك بىلەن كۆككە باقتىم.

ۋاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق مەنزىرە!

ئاي كىرپىكلىرى تال – تال، كۆزلىرى يال – يال نازىنىن قىزنىڭ يۇملاق يۈزىدەك شەكىلگە كىرگەن. سان – ساناقسىز يۇلتۇزلار شاھ خەزىنىسىدىكى دۇر – مەرۋايىتلاردەك كۆزنى چاقناتماقتا. گويا سەرراپ ئۆزىنىڭ جېجەي ئۈنچە – مەرۋايىتلىرىنى بازارغا سانماقچى بولۇپ گەلەتتىرىنىڭ ئۈستىدىكى ياپقۇچ لاتىنى بىراقلا ئېلىۋەتكەندەك ساماۋۇ ئۆزىنىڭ بۇلۇت پەردىلىرىنى ئالەمقاياقلارغا يىغىشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

تۈن ئاسمىنىنىڭ بۇ مەپتۇنلۇقى ئالدىدا، ئۇيقۇسىزلىقتىن كاللامنى قاپلىۋالغان گاراڭلىق تۇمانلىرى ئاستا – ئاستا تارقىۋاتقاندەك بولدى.

دەرھەقىقەت، ئۇيقۇغۇ كىشىگە جىسمانىي لەززەت بېرەلمىسە قالتىس ياخشى نەرسە، ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق جىسمىڭىزغا پەۋقۇلئاددە روھىي لەززەتتىن بىر ئارام بەخش ئېتەلىسە، ئۇ ئۇيقۇدىنمۇ ياخشى ئەمەسمۇ.

مانا شۇ تاپتا ئۇيقۇسىزمەن، لېكىن ئۇيقۇسىزلىق شارائىتىدىن سامانىڭ تۈن قىزچىقىدىكى چىرايلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە، ئۇنىڭ ئاجايىپ پەيزىنى سۈرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ تۇرۇپتىمەن.

تۈن مەنزىرىسىدىن پەيزى ئېلىش بىلەكىم لىرىدىكىلىق ھېسسىياتلارغا چىرمالغان شائىرنىڭ ئىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يەنىلا تۈننىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاشقا مەجبۇر. ئۇلارغىمۇ مەيلى، لېكىن كېچىدە ئەمەس، كۈندۈزىمۇ ئۇخلاپ يۈرىدىغان ئادەملەرگىچۇ؟! كۆزى ئوچۇقلا تۇرغان كىشىلەرنى ئويغاق دېگىلى بولمايدۇ، بەزىدە كۆزى ئوچۇق مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغۇ!...

مەن خىيال چىرمىۋالغان كاللامنى سىلكىۋېتىپ يەنە ئاسمانغا قارىدىم. چەكسىز ئاسمان بايام مېنى قىيناپ ئۇخلاتمىغان چەكسىز خىياللارنى، ھازىرقى ئويلىرىمنى پايانسىز باغرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەندەك بىر ھال يۈز بەردى. يېنىكلىشىپ قالدىم، لېكىن دەقىقە ئۆتمىدى، مېنى يەنە قانداقتۇر بىر خىياللار چىرمىغىلى تۇردى.

بۇ خىياللار خۇددى چۈشتەك قالايمىقان، تۇترۇقسىز، غۇۋا ھەم ئۆزگىرىشچان ئىدى. مەن ئۇخلىسامۇ كۆرىدىغىنىم مۇشۇنداق نەرسىلەر ئەمەسمىدى؛ ئويغاق چېغىمدىمۇ كاللامدا ئەكس ئەتكىنى مۇشۇ بولسا، مەن زادى ئويغاقمۇ ياكى ئۇخلاۋاتىمەنمۇ؟

مەن بۇ خىيالىمغا جاۋاب ئىزدىگەندەك يەنە ئاسمانغا تەلمۈردۈم. سان – ساناقسىز يۇلتۇزلار خۇددى ماڭا ھەيران قالغاندەك ياكى زاڭلىق ۋە ياكى چاقچاق قىلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىمىرلىتاتتى. مەن ئۇلاردىنمۇ ھېچقانداق بېشارەت تاپالمىدىم. پەقەت ئايلا، شۇ تولۇن ئايلا مېھرىبان ئانامدەك ماڭا ئىللىق باقاتتى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ھېچقانداق بېشارەت بولمىدى.

ئادەمنىڭ ئويغىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ھەر خىل خىياللارغا چىرمىلىپ يۈرۈشىنىڭ سىرى زادى نەدە؟ ئىنساننىڭ جىسمى ئۇخلىسىمۇ روھى ئۇخلىمايدىغانلىقىنىڭ تىلسىمى زادى نەدە؟ ئەگەر مېنىڭ كېچىدە كۆرىدىغىنىمنىمۇ چۈش

بولسا، كۆندۈزدە كاللامدىن كېچىدىكىنىمۇ چۈش بولسا، مېنىڭ ئويغاقلىقىمنىڭ دەلىلى نەدە؟

مەن يەنە چەزىبىدار ئاسمانغا قارىدىم. كاللامدىن بۇ خىيالمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېنىكلىشىپ قالدىم. لېكىن دەقىقە ئۆتمىدى، خىياللار ماڭا يەنە ھۇجۇمىنى باشلىدى. چىدىمىدىم، كاللامنى چاڭگاللىۋالدىم. يەنە ئاسمانغا تەلمۈردۈم، ئاخىر: «مانا ھايات!» دەۋەتتىم.

## يول تاللاش

ئۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كەلدى. بۇ يوللارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «بارساكېلەر»، «بارسا كېلەر، يا كەلمەس»، «بارسا كەلمەس» دېگەن پۈتۈكلىرى بار بەلگىلەرقويۇلغان ئىدى.

ئۇ دەرھاللا «بارسا كەلمەس» دېگەن يولنى تاللىدى.

مەن ئۇنىڭدىن يول تاللىغاندا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى سورىدىم.

— «بارسا كېلەر» يولنى تاللىمىغانلىقىم، — دېدى ئۇ، — مەن ماڭغان يولدىن يېنىشنى خالىمايمەن؛ «بارسا كېلەر، يا كەلمەس» يولغا ماڭمىغانلىقىم مەن ئىختىيار ئىلكىمنى ئۆزگىگە باغلاپ بەرمەيمەن؛ «بارسا كەلمەس» يولغا ماڭغانلىقىم مەن بۇ يولغا يېڭىدىن - يېڭى ئىز سالىمەن. چۈنكى بۇ مەڭگۈ كېيىنگە يانمايدىغان ئۈمۈر يولى.

## يېتىملىق

مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىرىدىم، بۇنىڭغا جاۋابەن ماڭا يانغىنى ئەكس سادايىملا بولدى.

مەن يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدىم، ماڭا ئەگەشكىنى پەقەت سايەملا بولدى.

مەن يېتىملىقنىڭ نېمىلىكىنى شۇ چاغدىلا چۈشەندىم.

## تامچىنىڭ زارى

مەن زېمىننىڭ ئاھىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىدىم، ئاسمان كۆزلىرىنىڭ كۆز يېشى بولۇپ قايتا زېمىنغا چۈشتۈم.

ئەجىبا، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا ماڭا «ئۇھ» دەۋالغۇدەك ماكان چىقماسمۇ؟

## سىر

مەن سەبىي ئىدىم، چوڭ بولدۇم.

مەن سەمىمىي ئىدىم، گۇم بولدۇم.

ئاخىر ئۆزۈمنى جاھان ئىشرەتخانىسىغا ئالدىم.

سەمىمىيلىكىنىڭ ئورنىنى ھارامزادىلىك، مەغلۇبىيەتنىڭ ئورنىنى غالىبىيەت ئىگىلىدى.

مەن قاقاقلاپ كۈلدۈم، لېكىن جاھان ماڭا قاراپ يىغلىدى. ئاخىر جاھانغا قاراپ مەنمۇ يىغلىۋەتتىم. بۇ يەردىكى سىرنى پەقەت مەنلا بىلەتتىم.

## شارابنىڭ رەت قىلىشى

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم چۈشىنەلمىگەن ناھايىتى قىيىن بىر سوئالنى قويدۇم. ئۇ جاۋاب ئورنىغا ماڭا شاراب تۇتتى.

مەن شارابقا قاراپ قېتىپ قالدىم.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھەي، ئەخمەق، — دېدى، — سەنمۇ، مەنمۇ چۈشىنەلمىگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى شاراب بەرمىسە كىم بېرىدۇ؟

— ئىنساننىڭ جاھان سىرلىرىنى مەنسىتمەسلىك ئۈچۈن ياراتقان ھېكمىتى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

لېكىن بۇ چاغدا قولۇمدىكى قەدەھ قاتتىق چايقىلىپ كەتتى.

بۇ، شارابنىڭ ئاجىز ئىنساننى رەت قىلىۋاتقان چايقىلىشى ئىدى.







ئەنۋەر توختى

زامان — تارىخنىڭ پەرزەنتى. ھەر قانداق دۆلەت ياكى مىللەت ئۆتمۈش زامانىنى زىممىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭغان ھالدا ئىستىقبالغا قاراپ قەدەم تاشلايدۇ. ھازىرقى زامانىمىزدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلاھات دولقۇنى، شەكسىزكى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى؛ شۇ مۇقەررەرلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بولسا تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ خاتىرىسى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، ئىجتىمائىي ھەدەنىيىتىمىزگە ئاجايىپ چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتقان ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تارىخىي ئىسلاھات دەۋرىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى.

ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىش



مەزگىلدە، بۈيۈك جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان بىز ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇنداق بىر مەسىلىنى يېشىشكە مەجبۇر بولماقتىمىز:

مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئەمدى قاياققا قاراپ مېڭىشى كېرەك؟

كەلگۈسى يولىمىز قايسى؟

بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزى بىزنى ئۆز خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان خەلق ۋە مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىمىز ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئەنئەنىۋى ئىدىيە - ئەقىدە، پسىخىك (مەنىۋى) خۇسۇسىيەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. لېكىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلمىي ئانالىز قىلىنمىغان، ئاق - قارىسى ئىنچىكىلەپ ئېنىق ئاجرىتىلمىغان مىللىي، مەدەنىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ئۆزى ئەركىن نەپەس ئالالماسلىقىمىزغا زامىن بولغان ئېغىر يۈك بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، شۇ ئەنئەنىلىرىمىز ئۆز ئىچىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «بىز»لىشىپ قالغاچقا، ئىسلاھات جەريانىدا باسقان، بېسىۋاتقان قەدەملىرىمىز ئومۇمەن ئېغىر ۋە ئاستا بولماقتا. «بىز»لىشىپ قالغان روھىي ھالەتلىرىمىز، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ زامان تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا ئالغا قاراپ زور قەدەم تاشلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولماي قالمايدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى، راۋاج تاپالمىغانلىقىنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىقتىساد دىئاگراممىلىرىنى سىزىشتا كارغا يارايدىغان ستاتىستىك سان - رەقەملەرنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەنلا يېشىش ۋە شۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس؛ مىللەتنىڭ قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى ئامىللىرى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، روھىي ھالىتىدىن كۆرمەيمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىلگىرى تارىخىي ئىدىيە - ئەقىدىلەرنى پاكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى تاشقى شەيئى دەپ پاكى قوبۇل قىلىنغان بىلىم دەپ قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانمىز، يەنى «ئەنئەنە» دېگەن نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىم تەرىقىسىدە چۈشىنىش - يېشىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانمىز؛ شۇ ئەنئەنىلەرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تەھلىل - تەنقىد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان قالاق تەرەپلىرىنىلا تەھلىل - تەنقىد قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئىدىيە - ئەقىدىلەردىن پەيدا بولغان قالاق، نادان روھىي ھالەتلەرگە ئانچە كۆپ تەگمىگەنمىز؛ تەگكەن تەقدىردىمۇ چوڭقۇرلىماستىن، يۈزەكى سىپايلا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەقىل كۆزى بىلەن ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە بېرىلگەن زەربە ئۈزۈل - كېسىل بولمايدىكەن، ئۇ يەنىلا باشقا بىر شەكىل بىلەن، ئىجابىي بولمىغان، بەلكى مىللەتنىڭ ئىجابىي مىللىي ئەنئەنىلىرىنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا زامىن بولىدىغان «مىللىتىم»، «خەلقىم» دەيدىغان ۋاسىتىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەرەپمۇ تەرەپ ئارىلاپ يۈرۈپ، بىزنى تار، يىراققا كۆزى يەتمەيدىغان، شەيئىلەرنىڭ ئاق - قارىسىنى ئاجرىتالمايدىغان ھەتتا شەيئىلەرنى بۇرمىلاپ، خاتا چۈشىنىدىغان مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل ۋە بىلىم بىلەن سۇغۇرۇلغان قىسماق بىلەن بەنت قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىسماقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خۇددى تاشقى كېسەللەر دوختۇرى جاراھەتنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن تېرە ۋە ئەتنى ھالال قىلغۇچ تىغ بىلەن يارغانغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي پسىخولوگىيىمىزنى يەنى روھىي ھالىتىمىزنى ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈشىمىز زۆرۈر بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا، تارىخ چاقىنى راۋان ئالغا سۈرۈش مۇمكىن، ئۇنداق قىلمىغاندا، چاق بىر ئىزدىلا ئايلىنىپ، چىن مەنىلىك يۈكسىلەلمەسلىكى، مىللىي تەرەققىياتىمىزنىڭ تارىخىي سەھىپىلىرى قۇرۇق (ئاق) قېلىشى مۇمكىن.

بىز ئۇيغۇر خەلقىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىمىز زور دەرىجىدە چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئادەتكە ھەددىدىن ئارتۇق ئەقىدە قىلىدىغان روھىي ھالەت ۋە شۇنداق ئۆرپ - ئادەت شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان چېچىلاڭغۇ ئىجتىمائىي ئاڭ پەيدا بولۇپ قالغان. بۇنداق روھىي ھالەت ۋە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ كۆپ ھاللاردا، «كونا» ئەنئەنىنى قەدىرلەپ «يېڭى»نى چەتكە قاقىدۇ، «يېڭى»سى ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ چىقسا، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ - شاقلاپ كەتكەن «كونا»نىڭ تەسىرى بىلەن يوقىتىشقا، يەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇشۇنداق يەكلەش ۋە يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە مەدەنىيەت بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتىن ئىبارەت. مىللەت تارىخى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتىكى، مەرىپەتپەرۋەرلەر مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى تەرغىب قىلىدۇ، جاھالەتپەرەسلەرمۇ «مەدەنىيەت»نى گۈللەندۈرىمىز دەيدۇ. ئەمما جاھالەتپەرەسلەر «مەدەنىيەت»، «مەرىپەت»نى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە زىيان كەلتۈرىدۇ، مىللەتنىڭ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشىغا توسقۇن بولىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، خەلقنىڭ كۆزىنى بويايدۇ، ئۆزلىرىنىمۇ خورلۇققا چۈشۈرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن خېلى بۇرۇنلا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە كۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تېخى مەرىپەتكە تولۇق كۆچمىگەن ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق خۇسۇسىيەتلىرى - قان، نەسەب، يۇرت سۈرۈشتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى روھىي ھالەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ، رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ يا ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە ئەكس ئېتىپ، خەلقىمىزدە ئىچكى تەرەپكىلا تۈگۈلۈۋالىدىغان، ئۆزىنى بېكىنىش مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە قاماپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق بېكىنىش، تار شارائىتقا باغلىق بولغان دىتىغا ياقمايدىغانلىكى نەرسىنى «مەدەنىيەتسىز، قالاق» دەپ قارايدىغان، ئۆزى بېكىنىپ تۇرغان چەمبىرەك، مۇھىت سىرتىدىكىلەرنى يەكلەيدىغان مىجەز - خاراكتېرنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولماقتا، ھەتتا شەخسلەر ئارا جېدەل - تالاشلارنىڭ ھەق - ناھەقلىقىنىمۇ «مىللەت» پەرقى بىلەن ئايرىشقا سەۋەب بولماقتا. قان، نەسەب، يۇرت بىلەن باغلىق بولغان ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەردىن شاخ سۈرۈپ كەلگەن ئاڭ چەمبىرىكى، نادان روھىي ھالەتتىكى يەكلەش خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى دۇنيادىن بەرىكەت ئالالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىمىز تولىمۇ ئاستا بولماقتا.

نادانلىق، نادان روھىي ھالەت تاشقىرىغا نىسبەتەن يەكلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئىچكىرىگە نىسبەتەن غەپلەت باستۇرۇش ۋە غەيرەت - جاسارەتنى خورىتىش رولىنى ئوينايدۇ. نادانلىقنىڭ غەيرەت - جاسارەتنى خورىتىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھادىسىلەر كۆپلەپ تېپىلىشى مۇمكىن. مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىرى مىللىي سۈپىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غولى بولغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى ۋە يېڭىلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇلارغا سېلىشتۇرغان ھالدا ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قالاقلىقى، نادانلىقى ۋە ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى

تىلغا ئالسا، «ئەنئەنىمىزدىن ۋاز كەچتۈرمەكچىمۇ»، «تارىخىمىزنى ئۇنتۇلدۇرماقچى»، «ئاتا-بوۋىسىنى ئۇنتۇغان»، «باشقا مىللەتنىڭ دۈمبىقىنى چېلىۋېتىپتۇ» ۋەھاكازا دېگەن ئۇسەك سۆزلەر بولۇق-پوشقاقلارنى قاپلاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر يوق ئەمەس. بۇنداق ئۇسەك سۆزلەر شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدۇكى، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان. قولغا ئۇرۇنمايدىغان تور، چىت ياكى قاشا ھالىتىنى ئېلىپ، ئىلغار پىكىر-ئىدىيىلەرنى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، پەن-تېخنىكىنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى «باشقا مىللەتنىڭ بىر نېمىلىرى» دەپ چەتكە قاقىدۇ. ھەتتا شۇنداق زامانىۋى يېڭىلىقلارغا يول باشلىغۇچىلارنى، تەشەببۇس ۋە تەرغىباتچىلارنى ئۆزىنىڭ «مىللەت تەۋەلىكى»دىن چىقىرىۋېتىش دەرىجىسىگىمۇ يېتىپ بارىدۇ. شۇنى چۈشىنىش زۆرۈركى، بۇنداق قالاق، نادان روھىي ھالەت مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى زىيانغا ئۇچراتماي، خەلقىمىزنىڭ غەيرەت-جاسارىتىنى ۋە ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسىنى خوراتماي قالمايدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتكە قاراڭ: ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيلى يېڭى شەيئىلەرنى ئالقىشلاپ قوبۇل قىلىش، يېڭى ئىلىم-بىلىم ئېلىش، يېڭى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، بۇلاردا «مىللەت» چېگرىسىنى ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ قالاقلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھەر جەھەتتە قابىلىيەتلىك، ئىختىساسلىق ئادەملەرگە، شۇ جۈملىدىن پەن-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىگە، ئوقۇتقۇچىلارغا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا، تېخنىكلارغا ۋە باشقا كەسىپ ئىگىلىرىگە مۇھتاجىمىز. ئىختىساسلىق ئادەملەرنى چەتئەللەردىن تەكلىپ قىلىۋاتقان ئىكەنمىز، ئۆز جۇڭگو ئادەملىرىنى ئىشقا تەكلىپ قىلىشتا، ئورۇنلاشتۇرۇشتا «قايسى مىللەت» دەپ سۈرۈشتۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئويلاپ كۆرەيلى: زامانىۋى تۇرمۇشىمىزغا سىڭىۋاتقان ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، ئايروپىلان، كالىستۇك، ئىسكىرىپكا، دىسكو . . . قايسى مىللەتنىڭ؟ بۇلارنى «مىللەت تەۋەلىكى» بىلەن چەتكە قېقىش مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر قانداق مىللەت زامانىۋى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىۋى تۇرمۇشىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا چەتكە قېقىشى مۇمكىن بولمىسا كېرەك. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مۇزىكىلىرىمىز، ناخشىلىرىمىز، ئۇسسۇللىرىمىز، نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىمىز دۇنيانىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت بازارلىرىدا خېلىلا مەغرۇر بولماقتا؛ ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋىپى، چاۋشيەن مىللىتىنىڭ سوغۇق لەڭمىنى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئاۋات شەھەرلەردە ئۆزىنىڭ مەززىلىكلىكى بىلەن خېرىدارلىق بولماقتا. بۇ پاكىتلار باشقىلارنىڭ يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشتا نادانلىق بىلەن «مىللەت» پەرقىنى ئۆلچەم قىلىش يارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يەنە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئىشى قىزىپ كەتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنىڭ تېگىشلىك قەدىر-قىممىتىگە زىيان يەتكىنى يوق، بەلكى ئەكسىچە تېخىمۇ بېيىماقتا، تولۇقلانماقتا. چەتئەللىكلەرنىڭ جۇڭگونى چۈشىنىشى ئۈچۈن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىدىغانلىرى ھازىر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگەنسەك، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تىل-يېزىقىمىزنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ بېيىشى پولاتتەك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز يېزىقىمىزنى

ئۆزگەنگەندىن تاشقىرى، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ھەممە چەت ئەل تىل - يېزىقىنى ئۆزگەنگەندىلا، يۇقىرى پەللىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆزگىنىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالايمىز. مۇبادا ئەمدى ئاكيۇچە «پېقىر خوجا ئاكاڭ ئىلگىرى سەندىنمۇ دۆلەتمەن ئۆتكەن جۇمۇ، بىلىپ قوي!» دەيدىغان نادانلارچە سەنئەمگە ئۇسسۇل ئويناپ، سالىمىقىنى يوقىتىپ قويغان روھىي ھالەتنى شۇ يول بىلەن تەسكىن تاپتۇرۇپ (تىندۇرۇپ)، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى يەكلەيدىغان بولساق، ئاخىر، تارىختىن ئۆچۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن، ھەتتا ئەجدادلىرىمىزمۇ تۇپراق ئىچىدە خاتىرجەم ياتالماي، «بىزدىن قالغان بايلىقنى يەپ تۈگىتىپسىلەر، خەيرىيەت ئەمدى ئەجدادلىرىڭلارغا نېمە قالدۇرماقچىسىلەر؟» دەپ نالە قىلماسمۇ؟!

بىزدە ھازىرقى ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش - قويۇۋېتىش دەۋرىدىمۇ شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار خەۋپلىك، قالاقلىق، نادانلىق، غەپلەت باسقان دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئېلىشنى يامان كۆرىدۇ؛ ئۇ سۆزلەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇناسىپ ئەمەس دەيدۇ؛ دېمەك، ئۇلار «مىللىتىمىزنىڭ ھېچنەرسىسىگە تىل تەگكۈزگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان مەدەنىيەت كۆز قارىشىنى ئالغا سۈرۈپ، «مىللىي خۇسۇسىيەت»نى قوغدايلى دېگەن باھانە بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى چەتكە قاقىدۇ، ھەممىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقا بىر خىل مەدەنىيەتنى باھالاشنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىۋالىدۇ. بۇنداق بىر مەدەنىيەت بىلەن ئۇنداق بىر مەدەنىيەتكە باھا بېرىش ھەم بىمەنىلىك، ھەم نادانلىق. بۇنداق روھىي ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبەلەرنىڭ بىرى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىز ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيكەلگەنلىكىمىزدۇر. تارىخىي سەۋەبلەر ۋە «سول» لۇشيەننىڭ كاساپىتىدىن، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ئىلكىمىزگە ئالالىمىدۇق، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى تاللىۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمىدۇق؛ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەنلا بولدۇق، ئۇنىڭ كۆچەتلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق؛ ئۇنىڭ تاشقى سەلتەنەتلىرىدىنلا خۇشتار بولدۇق، ئىچكى جەھەتتىن پورلىشىپ - پۇچەكلىشىپ كېتىشىگە ئەھمىيەت بېرەلمىدۇق، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت گۈلشەنىدە غەپلەتكە چۆكۈپ، بىر ئىزىمىزدىلا توختاپ قالغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق؛ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رېئاللىق ئالدىدا دەس تۇرۇشقا پېتىنالماي، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى ئاق - قارىسىنى پەرق ئېتەلمىگەن ھالدا ئاقسىز، سۇنئىي يوسۇندا بېھۇدە ئۈستۈرۈپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك تەھدىت ۋە خەۋپ كېلىۋاتقان شارائىتتىمۇ «ھە، ياراپدۇ، بارىكاللا!» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ يۈردۇق. مىللىي مەدەنىيەتنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان روھىي ھالەت ھەسەتخورلۇق سەۋەبى بىلەن ھامان ئۈستۈنلۈكتىن مەھرۇم بولۇپ قالمىغىدى دەيدىغان ۋەھىمىدىن خالىي بولالمايدۇ، بۇ ئۆزىنى پەسلەشتۈرىدىغان ئاكيۇچە روھىي ھالەتتۇر، شۇنداقلا نادانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىجتىمائىي روھىي ھالەتتۇر.

مىللىي مەدەنىيەت روھىي ھالەت سۈپىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جاھالەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىققا تولغان بولىدۇ. جاھالەت ياكى نادانلىق دېگىنىمىز مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان شارائىتتا شەكىللىنىدىغان، پەن - تېخنىكىدا يۈكسەلەلمىگەن، تار مىللىي ئەنئەنە - ئەقىدىلىرى بىلەن چۈشلىشىپ قالغان روھىي ھالەت ھادىسىسىدۇر،

قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋەكىللىرى روھىي ھالىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاھالەت، نادانلىق يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغان، كونىلىققا چاپلىشىۋالىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قىزىقماي، كونا شەيئىلەرنى ئاسراشقا تىرىشىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈكتۇر. ھېلىقى «بىزگە سوتسىيالىستىك كەمبەغەللىك كېرەككى، كاپىتالىستىك بايلىق كېرەك ئەمەس»، ئاچلىقتىن «بەلبېغىمىزنى چىڭ باغلاپ تۇرۇپ ئىنقىلاب قىلايلى» دەيدىغان «گادايلار روھى» ھۆكۈم سۈرگەن بەدەۋىيەت دەۋرىدە، بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى نادانلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ شۇ چاغلاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىختا پۈچەك، قۇرۇق سەھىپە قالدىمۇ؟! ھازىرقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش دەۋرىدە، زامانىۋى دۇنياغا يەنە شۇنداق نادان روھىي ھالەت بىلەن قەدەم قويۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئېسىل ئەنئەنە، كۆپ ھاللاردا، ئېسىل، قۇدرەت تاپقان مىللەتكە سىمۋول بولىدۇ. لېكىن ئەنئەنىنىڭ شۇنداق رولى بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى خاتا ھالدا مىللىي ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر زورۇر ئامىلى قىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. لۇشۇن: مىللىي ئەنئەنىنى قەدىرلەش زۆرۈر، لېكىن شۇ ئەنئەنە ئالدى بىلەن ئۆز ئىگىسى بولغان مىللەتكە، خەلققە ۋاپا قىلىدىغان بولۇشى شەرت، دەپ ياخشى ئېيتقان.

ھازىرقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدە، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك، رېئال كەچۈرمىشلىرىمىزدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بايقايمىزكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ـ ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن «كونا ئۇدۇم»لارغا مەھكەم يېپىشىۋالىدىغان، ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭكىدىن «باشقىلارنى يەكلەيدۇ»-غان نادان، كېسەلچان روھىي ھالەتلەرگە قەتئىي خاتىمە بېرىپ، كەلگۈسى تەرەققىيات مەنزىرىلىرىنى كۆزلىگەن ھالدا دەس تۇرۇپ، غەيرىي مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئېسىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن بىرگە يۇغۇرۇپ، پەخىرلەنگۈدەك مىللىي تۈسكە ئىگە زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قۇدرىتى خۇددى قۇياش شولىسىدەك نۇر چېچىپ تۇرغان بىر شارائىتتا، شۇنداق بىر مەنزىرىلەرنى كۆرمەكتىمىز. مىللىتىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئېسىل كىشىلىرى ـ دېھقان كارخانىچى، دىندار تىجارەتچى، ئايال دىرېكتور دېگەندەك ھەم يېڭى، ھەم مەغرۇر سۈپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «جانمۇجان ئۆزىنىڭ جېنى» دەيدىغان تار ۋە بېكىنمىك روھىي ھالەت چەمبىرەكلىرىنى بۇسۇپ تاشلاپ، سەرمايە تەييارلاش، مەبلەغ توپلاش، ئىمانە يىغىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەكتەپ سېلىپ، مەكتەپ ئېچىپ، بىرلەشمە شېرىك تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىم ـ بىلىمدىن، پەن ـ تېخنىكىدىن مەھرۇم قالغان، ئىقتىسادىي گادايلىقتىن قۇتۇلالمىغان قالاق قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تولىمۇ ئوبدان، ئۈلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشماقتا؛ ئەنئەنىۋى ئەقىدىمىز بويىچە تائەت ـ ئىبادەت بىلەنلا بولىدىغان، سودا ـ تىجارەتنى ئانچە يېقىن يولاتمايدىغان، بولۇپمۇ خوتۇن ـ قىزلارنى دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلاتتۇرمايدىغان مەسچىت ـ جامەلىرىمىزمۇ ئۆز ئەتراپىدا تاۋار ئىگىلىكى ئاممىلىرىغا ئورۇن بەرمەكتە. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، ئۈرۈمچى خانتەڭرى جامەسى قاتارلىق ئۇلۇغ قىبلىگاھلىرىمىز ئىسلاھات ـ پەرۋەرلىك بىلەن ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىمكان يارىتىپ بەرگەنلىكى

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز قويىنىدا ئېچىپ بەرگەن زامانىۋى يەككە تىجارەت ماگىزىنلىرى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىز ھۆسنىگە قوشۇلغان خال بولۇپ تۇرماقتا؛ شۇ ماگىزىنلاردا ئۆتمۈش - تىكى چۆمپەردىلەر ئورنىغا كۆزەينەك تاقىغان، «نامەھرەم» لىك ئورنىغا ئەگلىك، سۈرمىلەر بىلەن چىرايلىق ياسىنىپ، خۇش چىراي بىلەن سودا - تىجارەت سورۇنلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغان خوتۇن - قىزلارنى كۆرگەندە، ئىسلاھاتنىڭ، ئېچىۋېتىشنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايمىز؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك»، «8 - مارت» سودا بازارلىرى، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا ۋە باشقا چوڭ - كىچىك شەھەرلەردىكى «ئەركىن بازار» دەپ ئاتىلىۋاتقان زامانىۋى سودا - تىجارەت ئورۇنلىرىدا ئايال تىجارەتچىلىرىمىز خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلماقتا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا خەلقئارا تەسىرگە ئىگە بولماقتا... ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھەيران بولغۇدەك ئەھۋال ئەمەس، لېكىن «ئۇل» دېگۈدەك دەرىجىدىكى باسقۇچتىن گويا باھار غۇنچىلىرى ئەگىز سۈيىنى كۆرۈپ ئېچىلغاندەك تېز ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان بۇ تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلارنى ئۇزۇندىن بۇيان بېكىنىش ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن شىنجاڭ ئۈچۈن «يېڭى ئەسىر»نىڭ باشلىنىشىدۇر دەپ تەرىپلىسەك ئارتۇق كەتمەس.

ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىمىز شۇكى، قالاق، مۇتەئەسسىپ، نادان روھىي ھالەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دۇنياۋى ئىلغار ئېقىمىغا ماسلىشىش، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە يارىشا يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەت سۈپىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىرەر يېڭى تېخنىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە ئوخشاش تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. لۇشۈن ئەپەندى: مەنچىڭ دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ بېشىغا 300 يىل قويۇلغان ئۇزۇن چاچ كېسىپ چۈشۈرۈپ تاشلانغاندىن كېيىنمۇ، خەنزۇلارنىڭ مىللىي پسىخولوگىيىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەدەنىي - مەنىۋى تۈگۈنلەر يېشىلىپ كېتەلمىگەن ئىدى، دەپ ياخشى ئېيتقان.

رېئال پاكىتلاردىن مەلۇمكى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، نادان، قالاق مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىنى ئۆزگەرتىش دولقۇنى باشلانماقتا، بۇ دولقۇننىڭ قاينام بولۇپ ئۆركەشلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئارقىدا قالغان مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىنىڭ سۈپىتىنى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشكە تىرىشقاندىلا، مىللىي غەيرەت - جاسارىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. مىللىي تارلىقىنىمۇ تۈگىتەلەيدۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىللىي ئالامەت - خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ساقلىيالايدۇ، راۋاجلاندۇرالايدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەھلىل ۋە مۇلاھىزە قىلىشىمىز ئۈنۈملۈك يول بولسا كېرەك.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ۋەتىنىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارغا ئۇيغۇر مىللىتىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇش، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا تارىخىمىزنىڭ تېگىشلىك سەھىپىلىرىنى ئاق قالدۇرماسلىق.



زۇرنىلىمىزنىڭ «مۇھاكىمە»، «دۇنياغا نەزەر»، «ئۇسسۇل سەنئىتى» سەھىپىلىرىدە كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى، سەنئەت تەتقىقاتىغا ئائىت: «زامانىۋى ئۇسسۇلنىڭ ئانىسى»، «تەنتەنىۋى سىلمىي ئۇسسۇل ۋە مىللىي ئۇسسۇل تەنتەنىسى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە لۇشۈن روھى بىلەن بىر نەزەر»، «تارىخىمىز ئاق قالمىسۇن»، «ئادەم بەدىنىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى رولى» قاتارلىق بەلگىلىك تەسىر كۈچكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئىلمىي-ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى تەقدىم ئەتكەن ئۇسسۇل مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى ئەنۋەر توختى 1946- يىلى ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بېيجىڭدا تاماملاپ، 1960- يىلىدىن 1962- يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبلىدا ئۇسسۇلچى بولغان. 1962- يىلىدىن 1965- يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1966- يىلىدىن 1969- يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل - دراما ئانسامبلىدا ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل مۇئەللىمى، رېجىسسور بولۇپ ئىشلىگەن. 1970- يىلىدىن 1986- يىلىغىچە خاڭجۇ شەھەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 1987- يىلىدىن 1988- يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي باشقارمىسى ئىشتىن سىرتقى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988- يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەنۋەر توختى 30 يىللىق سەنئەت ھاياتى سەپىرىدە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، رېجىسسورلۇق، سەنئەت مائارىپى قاتارلىق ساھەلەردە كۆپلىگەن ئۇتۇملۇق، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي-ئىجادىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىزچىل تۈردە مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «جاۋابقا مۇھتاج تەپەككۇر»، «شىنجاڭ مىللىي ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى»، «لۇشۈن ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە تەپەككۇر»، «بىر خىل مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش ئىلمىي ئەمەس»، «‹يۈزلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى› سەرلەۋھىلىك ماقالە توغرىسىدىكى ھېسسىياتلىرىم»، «‹يېڭى كېلىن›نى كىم ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس دەيدۇ؟» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى «جېجياڭ ئۇسسۇلچىلىقى»، «خاڭجۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «مىللىي يازغۇچىلار»، «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» «شىنجاڭ ئۇچۇر گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

تەلەپچان سەنئەت مائارىپچىسى، ئىقتىدارلىق ئۇسسۇل مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، ئۈمىدلىك مەدەنىيەت - سەنئەت نەزەرىيىچىسى ئەنۋەر توختى ئەپەندى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇلچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

ئاپتورنىڭ «تارىخىمىز ئاق قالمىسۇن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىل 11- سانىغا بېسىلغان بولۇپ، 1989- يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى مەتبۇئاتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك تەتقىقات جەمئىيىتى، پارتىيە ژۇرناللىرىنىڭ غەربىي شىمال تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «1- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مەزكۇر ماقالىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مۇھاكىمىسىدىكى مۇئەييەن تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتورنىڭ رازىلىقى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ «مۇھاكىمە» سەھىپىسىدە قايتا ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن






(ھېكايە)

ئەختەم ئۆمەر

1

بامداتتا ئەزان چىقىۋاتقاندا تېخى تولۇق يورۇق چۈشمىگەن ئىدى. ئەمما ئاي نۇرى كېچىدىكىدىن خېلى غۇۋالىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاق قۇشقاچلار قارىيىپ تۇرغان جىگدە، سۆگەت، تېرەكلەر ئارىسىدىن ئاندا - ساندا ۋىچىرلاشقىلى تۇردى.

— بۈگۈن يەنە بازارلىغىلى بارامىلا.— دېدى ئايىمخان جايىنامازنى راسلاپ، روماللىنى تۈزەشتۈرگەچ.

—كاللاڭ نەگە كېتىۋاتىدىغاندۇ خوتۇن. مەن ئاخشام نېمە دېدىم. بۈگۈن يۇنۇس ئۇستامنىڭ ئۆيىدە چاي بولىدۇ. شۇ يەردە كەچكىچە ھەلقە - سۆھبەت بولىدىغان گەپ،— دېدى سەيدۇللا قارىم غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىنچىراغنىڭ يورۇقىدا خوتۇنىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەي ئاق رومال سالغان بېشىغا قاراپ. ئۇ، تەرەتنىڭ دۇرۇتلىرىنى ئوقۇغاچ مەيسە كالىچىنىڭ ئىچىنى كولاشتۇرماقتا ئىدى.

—تالىپلارنىمۇ ئېلىۋالامسىلە؟

— بۈگۈن ئەتىگەندە نېمانداق ۋىتىلداق بولۇپ قوپقانسىلە، بارىدىغان گەپلەرنىمۇ

سورىغىلى تۇردۇڭلىغۇ. ھاشىم، ھۆرەكلەرنى ئويغىتىڭلا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى. مەن كىرىپ قىلسام بوش كەپ قىلمايمەن، ئۆزىنى سوراشسۇن. تۈنۈگۈن ھاشىم بامداتتا مەسچىتكە چىقمىدى. باكامەن...

— ئۆيدە ئوقۇدى دېدىمىغا مەن سىلىگە.

— مەسچىتكە چىقسۇن، خوتۇن كىشى بولمىغاندىكەن. ساۋاب تاپسا ئۆزىگە، بىزگە ھېچنېمە ئەمەس. ئۆيگە يانمايمەن. ھاشىم ئېشەكنى توقۇپ كەينىمدىن مەسچىتكە ئېلىپ بارسۇن.

— ۋايىيەي، ئەمدى ما ئىشنى كۆر. ناشتا ناۋا قىلمىغاق بارارسىلە تېخى، قاقپودا بىردۇۋالماي.

— ماۋۇ ئۆزۈن مەھەللىدىكى بارىتاخۇننىڭ قويى چەتنەپ بالا تاشلىۋېتىپتىكەن. چىراق① قىلىدىكەن. مەسچىتتىن يېنىپ ئۆيەرگە داخىل بولۇپ داستىخاننى يىغقۇچە بىرۋاخ بولىدۇ. ھۆرەككە، يەنە ھاشىمغا دەڭلار، ھەر بازار كۈنى بازارغا قاتىرايدىغان بولۇۋالدى. مەن يەنە بازارغا بارغىنىمنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ قالسام كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن. ھۆرەك بىرۋاخ نامازنى بولسىمۇ راۋۇرۇس ئوقۇپ خۇداغا سېغىنسۇن، بارغانچە قارا بېسىپ كەتمىسۇن.

— مەنمۇ تېخى . . .

— ھە، سىلىمۇ ئالدىنقى بازاردا بارغاندىكەنە بۇ بازاردا كېۋەز تېرىڭلا. ھاشىم بىلەن ھۆرەكنى ئالدىڭلىغا سېلىپ چىقىپ تېرىڭلا. تالىپلار ھەممە ئىشنى قىلىدۇ، دەپ مۇشۇكەمدىنزە ئاق نانچى بولۇۋالدىڭلا.

— ئەمىسچۇ، كىرسىن تۆگەپتۇ، گۈرۈچ تېخى يوق. يەنە توقاچ سوپۇندىن بىرنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماڭلا.

— ۋاي ماقۇل - ماقۇلە. يائاللا، مەن بىسمىللا دەپ مۇشۇ بوسۇغا داۋاندىن بىر ئاتلاي.

سەيدۇللا قارىم ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ پاكار ئىشىكتىن ئېگىشىپ ئاستا چىقتى. ئۆلگۈرچەكالىك ئىشىك غىچىلداپ يېپىلىپ ھاسىنىڭ توكۇلدىشى بىلەن مەيسە كالاچتىن چىقىدىغان «خىرت - خىرت» ئاۋازى ئاستا يىراقلاپ كەتتى.

— قېرى ئۆلگۈر، ئۆزۈك كۈندە بازارغا قاتىرايسەن، يەنە بىزگە يول قويمايسەن. بارمىغىنىمنى كۆر. ئاۋۇ توخۇ پوقىلار تېخى قىمىراي دېمەيدۇ...

ئۇ، سۆپىدىن ئۆرىلەپ چۈشۈپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ سىلاشتۇرۇپ قىزىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى:

— قوپە ھوي، قوپە ياسكىنا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ياتامسەن. قوپ، ناماز ئوقۇ. مۇشۇنداق چۈشكىچە ئېرىنگىنىڭ تېپىقىمىغا ئۇسۇرۇپ ئۇخلىغاچقا تۆت كۈندە كۆتۈڭگە تەپتى. خوتۇن كىشى دېگەن ئەتىگەن - سەھەر قوپاپ، سۇ ئىسسىتىپ پاكىز تەرەت ئېلىپ ئەركىشىنىڭ تەرىتىگە سۇ ئىسسىتىدىغان، ئەر كىشى مەسچىتتىن يانغىچە ھويلا-ئارام، ئۆيلەرنى سېرىپ - سۈپۈرۈپ چىنىدەك پاكىز تۇتۇپ، ناشتىلىق تەييارلايدىغان، دەپ مىلك قېتىم كاپشىپ ئاغزىمنىڭ ئۇن قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكەندۇ. مانا ئاخىرى كېپىمنى ئاڭلىماي 15 كۈندە بوغچاڭنى قولتۇقلاپ، پوتلاڭنى ئېقىتىپ كېلىپ ئولتۇرىسەن. قوپە.

— ۋايجان، ۋايجان، ھەجەپ تويدۇم. ئەتىگەن ئىت يوق يېمەستە ئەدەمنى ئۇخلىمىغىلى قويماي كاس - كاس ئىتتا ئوخشاش قاۋايدۇ.

① نەزىرنىڭ بىر تۈرى، ئاپتور.

- مەن قاۋىمىسامچۇ، مۇشۇنداق كۈن چۈشكىچە سېسىق يوتقاندا يېتىپ، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە قوتان قېرىسى بولۇپ سېسىپ ئولتۇرارسەن. قوپە ئورنۇڭدىن. ئەتىگەن قوپاپ ناماز ئوقۇپ، دىلىڭدىكى قارىنى ئاقارتىپ كۆڭلۈڭگە ئىنساپ تىلە. ئېرىڭنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىل. خۇدا ئىسسىقچىلىق سېلىپ ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ ئەكىتەمدۇ تېخى. ھى . . . ھى . . . ھى . . .

- ئوھۇش. تامايىم يوق ئۇنداق ماز پايىنەكتىن. كىمنى ئالسا ئېلىپ چېكمىسىگە تېگىۋالسۇن.

- ھەي ئەقلى يوق ئىت خۇيلۇق ئازگالچى، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئېرىڭنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئاغزىدىن چىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ ئېرىتىپ يېنىشىۋالمىساڭ ئەمدى سېنى كىم ئالىدۇ؟ ئاۋاتتا بىر ئەرگە تېگىپ چىققان چوكاننى ئەر ئالغاننى كۆرگەنمىتىڭ. ۋاي بىلمەيتىمەن، ئۇقماپتىمەن دەپ چىرايلىق گەپ قىلىپ ئاستا ئۆيىگە چىرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشمىسەڭ، مەن يەنە قىزىمنى كىم ئالار، كىمگە بېرەرمەن، دەپ قېرىغاندا نەدە دوڭغاسلايمەن. ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ، ئاندىن پەيلى شەيتان ئازدۇرۇپ كۆسىدا بىر گەپ چىقسا تېخىمۇ سېسىپ، ئىت - ئېشەكتىن خار بولۇپ، ئالاي دەيدىغان ئەدەممۇ چىقمايدۇ.

- مەن ئېغىر كەلگەن بولسام كېيىنكىنى ئوچۇق دە، بولمىسا، تولا ۋالاقلىما. نى - نى خەقنىڭ قىزلىرى ئەردىن چىقىپ تازا پۇخادىن چىققۇدەك ئويناپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى قانداق خەقلىمدۇ.

- قوپە قانجۇق، ساڭا گەپ قىلىدىغان ئاغزىم يوق. ناماز ۋاقتى ئۆتەي دېدى. ناماز ئوقۇ...

- ماقۇل. ماقۇل. بىردەم چىقە جۇگۇ، بېشىمنى ئاغرىتماي.

ئانا دوڭغاسلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىچىدە بىر نېمىدەپ كوتۇلداپ ھويلىدىكى ئېغىلغا ياندىش سېلىنغان ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى:

- بالا باقماي بالانى بېقىۋېتىپكەنمەن. خۇدادىن ئىنسابىنى بەرگەيسەن دەپ بەش ۋاخ نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن. قېرىغىچە ھوشىنى تاپمىسا. ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان نېمىلەر ھەر كۈنى ئويغاتمىغۇچە نامازغا قوپمىسا. زاكىدىكى ۋاقتىدا بالىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بالا - قازاكەن.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىردەم كوتۇلداپ، ئۆيدىن چىقىۋاتقان خىرقىرىغان ئاۋازدىن باشقا تاۋۇش سەزمىگەندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

- ھەي ھاشىماخۇن، ھەي ھاشىماخۇن، قوپە ئورنۇڭدىن، بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەي دېگىلى تۇردى.

ئۆيدىن ئۇيقۇلۇق ئىنجىقلاپ ئۆرۈلگەن تاۋۇش چىقىپ يەنە بوش خىرقىرىغان ئاۋاز كەلگىلى تۇردى. ئانىنىڭ خۇيى تۇتتى:

- ھەي ھاشىماخۇن، قوپ دەيمەن. ئاتاڭ ئېشەكنى توقۇپ كەينىمدىن بارسۇن دەپ مەسچىتكە كەتكىلى نىكەم. ھېلى بامداتقا كېچىكىپ قېپ ئاتاڭدىن تىل ئىشىتمىسەن. قوپ دەيمەن. كېچىسى يېرىم كېچىدىن ئۆتكۈچە ئۇخلىمايسەن، ئەتىگىنى كۈن چۈش بولغۇچە قوپمايسەن.

- ھە، مانا... مانا. ۋاتىلىدىما. مانا قوپتۇم.

- ھېلى كېچىكسەڭ ئاتاڭنىڭ ئەرۋايى ئۆچۈپ، ئەدەم غول يەردە تىللىسا ئىزاتارتىمسەن. بۈگۈن بازار.

—ھە ... ھە... راست بازار. ھە، ۋۆي... ۋۆي يادىمدا يوق.

—ھېلى بازارلىق پۇل دېسەڭ دەشىنام يەيسەن. ھەي خۇدايىم، ساقال ئەستاغپۇرلىغا يەتكۈچە يا خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۆزەڭنىڭ كۈنىنى ئالمايسەن. بىز كۆرگە چىرىپ كەتسەك قەبرىمىزگە بارارسەنمۇ. ئاكام رەھمەتلىك قىرىق ئۈچ خوتۇن ئاپتىكەن. ھازىر بەشنى ئاپسەن، نەچچىدە توختارسەنكىن. يا تاغاڭنى دورامسەن. تۇۋا، تۇۋا قىلدىم خۇدايىم...

—خۇدا بۇيرۇغان بىر كۈنى توختارمەن ئانا. چىشىڭ بۇغدايدەك قاپتۇ، بولدى قىل.

—تۆتىنچى خوتۇنۇڭ بىلەن يېنىشمىساڭ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ بالام. قالغانلىرىدىنغۇ بىردىن بالاڭ بار. ئايشەك بىچارە قوشكېزەكتىن تۆتنى تۇغۇۋەتتى ئەمەسمۇ. بىر بالا دېگەنغۇ ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ ئۆلمىسە چوڭ بولاپ قالىدۇ. ئايشەك بىلەن يېنىشمىساڭ قىيامەت كۈنىسى تۆت بالاڭنىڭ تىرنىقى كانىيىڭدا قوپىسەن. تۆت بالا بىلەن ئايشەكنى كىم خوتۇن قىلىدۇ. ئەمدى...

—بېشىمنى ئاغرىتما، ئويغىتىپ قويغاندىكىن كېتە جۇگۇ. ئېغىزىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىسقىنى خۇدا بېرىدۇ، ئۆلمىسە چوڭ بولىدۇ. ئۆلسە خۇدانىڭ جېنى. ئاۋاتتىبا ئەقلىمگە كېلىپ خوتۇنى بىلەن يېنىشىپتۇ، دېگەننى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپ باقمىدىم. نى - نى قىز بالىلا تېگەلمەي يۈرسە، بالاڭغا نەدە تۇكۇرۇۋەتكەن تۇكۇرۇكنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن...

ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كەينىگە ياندى.

—ۋاي خۇدا،— دېدى ئۇ خېلىلا ئاقىرىپ سۇزۇلگەن كۆكتىكى غۇۋا ئايغا قاراپ،— ئۆزەڭ ئاسان قىلارسەن پەرۋەردىگارىم بەندىلەرنىڭ مۇشكۇلاتىنى. شۇ بالىسىنىڭ كۆڭلىگە ئىمان، ئىنساب بەرگەيسەن. بۇكەمنىڭ بالىرى نېمە بولاپ كېتىۋاتىدىغاندۇ...

2

ھاشىم ئېشەكنى ئۇدۇل مەسچىتكە ھەيدىمەي قامغاق، قومۇشلار پاكار ئۆسكەن شورلۇق بىلەن «چولاق مەھەللىسى»گە ماڭدى. قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈركىگەن تورغايلار ئۇچۇپ يەنە قومۇشلۇققا شۇڭغۇپ تۇراتتى. سالقىن ساپ ھاۋا ئۇنى خېلىلا روھلاندۇرۇپ قويدى. يىراقتىكى پاكار دۆڭدىن قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ قىچقارغان ئاۋازى كەلدى. ئۇ بىر ئېگىزلىككە كەلگەندە ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ غۇژمەك ئۆسكەن كۆك يانتاق، ئوغرى تىكەن ئارىسىدىن قاپ تاغار ئالدى. تاغارنى كۆتۈرۈشىگە مېكىياننىڭ بوش چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېشەك سېرىدىق، يوغان چىشلىرىنى ئېچىپ يانتاق چېچىكى بىلەن شالدىر بۇيىنىڭ مېۋىسىنى ئاۋايلاپ يالماپ يېگىلى تۇردى. ھاشىم قاپ تاغارنى ئاستا ئاچتى. بىر قىزىل خوراز بىلەن كەندىرەڭ مېكىيان تۇگۇلۇپ ياتاتتى. قارا مېكىيان پۇتلىرى تۇگۇلگەن پېتى قېتىپ قالغان ئىدى...

—ئەستاغ، كاساپەت ئۆلەپسەن-دە، تۇمشۇقۇڭنى چىڭ بوغۇۋەتتىممۇ، يا كانىيىڭدىن بەك سىقىۋەتتىممۇ. ھەقىچان بەك چىقىرىدغىنى سەن بولغىيتتىڭ گۇينىڭ توخۇسى. تاس - تاماس قالدىم شەرمى - ساز بولغىلى. ھاراقمۇھارام، سەنمۇھارام،يەۋېرىدۇ مەسلەر. ئاخىرى ھەممىسىھارام.تۇڭگۇزلار.

ھاشىم مەسچىتكە يېقىندۆڭنىڭ باغرىدىكى

قومۇشلۇقتا قاپ تاغارنى باسىمداپ قويۇپ ئاندىن مەسچىتكە كىردى. كېچىكىپراق كەلگەن ئالتە ـ يەتتە ئادەم سەپ بولۇپ بامداتقا تۇرغان ئىدى. ئۇ ئىتتىكلا سەپكە كىرىۋالدى. مېھراپتا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى. ھاشىم كۆزىنى يۇمدى.

ـ ئىشەك سۈيدۈككە بېرىدىغان پۇلۇم يوق. بۈگۈن كېۋەز تېرىيسەن. بازارغا بارغىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام ھوشۇقۇڭنى چىقىپ ماڭالماس قىلىپ قويۇپ تايىنالىق باقىمەن، ـ دېدى سەيدۇللا قارىم تۆت ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ پەس ئاۋازدا. ھاشىم قاپاقلىرىنى تۈرۈپ يەرگە قاردۇۋېلىپ ئاتىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ئىشەككە مىندۈرۈپ قويدى.

ئاۋاتتا يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ھەر سەيشەنبە بازار بولىدىغان بولدى. بۇرۇنقى سەيشەنبە بازار ئەسلىگە كەلدى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يېزىلاردىن دېھقانلار بازارلاپ كېلىپ كارامەت قايناپ كېتىدىغان بولدى.

كونا زاماندىن قالغان قاتار كەتكەن قېرى قاپاق تېرەكلەر بازارنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. قاپاق تېرەك تۈۋىدىن يىل بويى سۈيى ئۈزۈلمەيدىغان يوغان ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدۇ. قېرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى باش بارماق پاتقۇدەك ساناقسىز چوقۇرلار قاپلاپ كەتكەن. قاپاق تېرەكلەرگە قاسساپلار يوغان مىخلارنى قېقىپ كانارا قىلىۋالغان، مال بازىرىدا ئۇلاغ باغلايدىغان قوزۇق ياكى تۈۋرۈك قىلىشىۋالغان، قاتارى قويۇلغان ياغاچ، تۇنىكا بوتكا دۇكانلارغا يەنە بىردىن تاملىق رول ئوينايدۇ. قاتارى ئاشخانىلاردا پولۇ، لەڭمەن، پىششىق گۆشلەر قايناپ تۇرىدۇ. قارايغان، دومچەيگەن، قاتقان ئادەملەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ، سەت گەپلەر بىلەن كالىسىنى، ئېشىكىنى تىللاپ ماڭىدۇ. قەدىمكى ياغاچ ھارۋىلار قىستاڭچىلىقتا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ غىچىرلاپ ماڭىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ۋارقىراشلىرى، ئۇلاغلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرى ھەپتە جىم تۇرىدىغان تېرەكلىك بازارنى قايىنىتىۋېتىدۇ.

ھاشىم كىرلەشكەن ئاق دوپپىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋېلىپ، قاپ تاغارنى يۆدۈپ ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ، ئىتتىرىلىپ زاسۇ بازىرىغا كېلىپ قالدى. پەردازسىز يېزا ئاياللىرى زاسۇپەزلەرنىڭ ئالدىدا بالىلىرى بىلەن غىدىر تاۋاقلاردا تەرلەپ ئولتۇرۇپ زاسۇ يېيىشكىلى تۇرغان ئىدى. ھاشىمنىڭ قوي پاقالچىقىدىن تۆتىنى يېگۈسى كېلىپ ئاغزىغا سۇ يېغىلىپ كەتتى. ئەمما يانچۇقىدا پۇل يوق. ئۈشىنىدىكى توخۇنى سۇ قىلمىسا زاسۇپەزنىڭ ئالدىدا كەچكىچە قاراپ تۇرسا بىر تاۋاق شورپىسىنى بېرىشى مۇمكىن. ئۇ ئىتتىرىلىپ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ توخۇ بازىرىغا باردى. ئۈشىنىدىكى قاپنى قوياي دەپ تۇرۇشىغا شەرپۇش تومىقىنى قىستۇرۇپ گەدىنىگە كىيىۋالغان بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ ھېچنېمىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتكىنىدەك بولدى. «يا پەرۋەردىگارا ئۆزەڭ ساقلىغىن» دەپلا پەم بىلەن كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ قارا يىڭنە ئۇچىدەك تۆشۈكچىلەر باسقان يۈزلىرى تېخىمۇ قارىيىپ، پېشانىسى قۇرۇپ قالغان قوغۇن شاپىقىدەك قورۇلۇپ كەتتى. ھېلىقى مولۇنىدەك چىراي كۆز ئالدىدا بايىقىدەك كۆرۈنۈپ تۇردى. مىس رەڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى جەدە ئاتىنىڭ ماڭلاي تۈكىدەك دىردەيگەن، تۈكلەر ماراپ تۇرغان يوغان ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن، كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋى سېسىپ كەتكەن سېرىق داغ

چىشلىرى خىردىس قىلىۋاتقان غالجىر ئىتنىڭ
ئۆزى. رەسمىي غالجىرلىشىپتۇ. خۇدا ساقلار.
راست،غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا. شۇنداق، ئاشۇ
ماش كۆزگە ئىلىنىشىپ قالسا. ئاشۇ ئۇچلۇق
چىشلىرىدا چاينىپ يۇركىۋېتەر ئىدى.كۈچۈم
يېتىپ قالسىغۇ تېگىمگە بېسىۋالارمەن، ئەمما
هازىر ئۇنىڭ كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ.
قاۋان توڭگۇزدەك چىقىراپ ئېتىلىپ كەلسە،
ئۇنىڭ ئەلپازىدىنمۇ پۇت- قولۇمدا جان قال-
ماس. بىر- ئىككى مۇش، كاللا يېگەندىن
كېيىن ئاچچىقىم كەلسە مېنىڭمۇ پەي- بې -
غىشىم قاتار، ئەمما ئىزا يامان. نومۇس ئۆل-
تۈرەر مېنى. ئاۋاتنىڭ چوڭ مولىلىسىنىڭ
ئوغلى توخۇ ئوغرىلاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭ-
لاپ... ۋاي- ۋاي بولدى، بۇ گەپنى مەن ئوي-
لىماي بىرى دەۋاتقاندەكلا. خۇدايا، يەنىلا
مېنى ساقلاپسەن. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئەلەم-
دە. بەش يۈز كويغا ساتمىغان داڭلىق خورد-
زىنى، يۈز كويلۇق مېكىيىنىنى يۈرتۈرسە ھەر-
كىم شۇنداق بولىدۇ. مەن جېنىمدىمۇ شۇنداق
بولىمەن. مىڭ كويلۇق زىيان بولدى-دە.ئۇ بۇ
توخۇلىرىنىڭ تۇخۇمىنىڭ بىرىنى ئون كويدىن
ئېلىپ،كۈرۈك توخۇنىڭ كۆتىگەسۆيگۈدەك بولۇپ
تەستە چىقارتقان. داڭلىق توخۇنىڭ ئۇرۇقى.
مۇشۇ خورىزىلا ئاۋات- مەكىت تەۋەسىدە خو -
رازلارنى پاخشى قىلىپ بەش مىڭ كوي ئۇتتۇ-
ۋالغان.مېكىيىنىنىڭ تۇخۇمىمۇ ئۇنىڭ ئەجرى-
گە يارىشا پۇل تېپىپ بەرگەن. توختى قو -
تۇرنىڭ خورىزى دېسە، قەشقەر تەۋەسىدىكى
توخۇچىلارنىڭ تونۇمايدىغىنى قالمىغان.
ھەي... ھەي، تەس، چىدىيالمايدۇ بىچارە،
چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىمىسام-
مۇ بوپتىكەن. ئەمىسە كىمىنىڭ توخۇ -
سىنى ئوغرىلايمەن. مەھەللىدە ئادەتتىكى تو-
خۇلار قالمىدى، قالسىمۇ بوش يەردە قالمى-
دى. ھەپتىدە بىر بازار- باغلىنىۋالغۇدەك ھا-
راق ئىچىۋالمىسام بۇ چۆلدە كۆڭلۈم خوش
بولغۇدەك نېمە ئىش بار. ھەممىسى ئىچىۋات-
سا، مەن قانداق چىدايمەن. ئاتام دېگەن يوق
ساقال تېخى پۇل بەرمىسە. مانا ئەمىسە...
ھەي ...ھەي، بۇ توخۇنى بازاردا ساتالىغان
بولسام بەش بازار ھاراق ئىچكۈدەك پۇل
بولاتتى، بولمىدى. ئەلەمباي دېگەن توزاقچى
ھەقىچان ئىككى شىشە ئېلى داۋۇت① بېرىپ
كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرىدۇ،
چىدىماقتىن باشقا نېمە ئامال. بەكرەك دېسە،
ئوغرىلىغان توخۇنى نەگە ئاپارساڭ ئاپار دەر.
ئۇ ئوغرى ئاز كەم يۈز توخامنى شۇنداق ئېلى-
ۋېلىپ،پىشۇرۇپ يەنە بىزگە بىر پاچىقىنى بەش
كويدىن ساتقاندۇ. گۆرىڭدىن توڭگۇز
قوپمىدىغان ئىمانسىزدىن ئۆتەئىمانسىز-دە،سەن.
ھارام بولغان توخۇلارنىمۇ ھاراقكەشلەرگە
قىممەت پۇلغا يېگۈزدۈڭ.ئىست... ئىست،ئادەم-
نىڭ ئۆمۈرى دېگەن مۇشۇنداق نېمىمۇ ئەمدى.
ھاراق ئىچمەيدىغىنى ئاز. ھەممە ھاراقكەش
قىمارۋاز، ھەممەقىمارۋاز ھاراقكەش. قىمارۋاز
ھاراقكەشلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى. ھەممىسىدىن
چوڭ قىمارۋاز ھاراقكەش ئاشۇ مايمۇن چىراي
ئەلەمباي. ھاراقكەشلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قەرزى
يوقلىرى يوق. ھەممە قىمارۋاز ئۇنىڭغا قەرز-
دار. ھەممىسى ئۇتتۇرۇپمۇ، ئۇتۇپمۇ ئاشۇنىڭ-
دىكى قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەممىسى، ياق،
ھەممىمىز ئاپىرىپ ئاشۇنىڭ قوينىغا تۆكى-
مىز. تىنىپ كەتتى ئۇ ھاراقكەش. ئوغرى
قىمارۋازلارنىڭ قان -تەرىدىن تىنىپ كەتتى
بۇ يىڭنە يېگەن قىلتىرىق ئوغرى. ھارام دۇن-
يا قارنىڭدىن تېشىپمۇ چىقمىدى. قاچان قا-
رىسا ئون يەپ بىر بەرمىگەندەك. يەنىمۇ خۇ-
دايىمۇ تەڭشەپ تۇرىدىكەن. بەدىنىڭدىكى

① ئېلى داچۇ دېمەكچى، يەرلىكلەر شۇنداق ئاتىۋالغان. ئاپتور.

ھەر بىر تۈكۈڭگە ئالتۇن قوڭغۇراق ياسىتىپ ئاسساڭمۇ ئاشىدۇ، ئەمما كېلىڭدىن كەپتەر گۆشى بىلەن ئۇماچىتىن باشقىسى ئۆتمەيدۇ، تۇڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چۈشكەن كاساپەت. يەنە كۆزۈڭ پىتىلىق چاپان گادايلارنىڭ يانچۇقىدىكى سېرىق سىنتىنىڭ پۇچۇقىدا. ئۆلسەڭ گۆرۈڭگە ئەچىرەلمەيسەن. خەپ ئەلەمباي، تىرىكلىكىڭدە دەردىمنى ئالالمىسام ئۆلگەن چېغىڭدا بولسىمۇ قەبرەڭگە سىيىپ قويمىسام...

ھاشىم شاپاقدوپپىسىدا بىردەم يۈزىنى بىردەم چاقابىاسقان گەدىنىنى سۈرتۈپ ماڭدى. ئۇ ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇشتىن ئۆشنىسىدىكى توخۇپات- پات بوش چىرقىراپ قويىدۇ. «ئۆلە... ئۆلەرسەن گۈينىڭ توخۇلىرى، تايىنلىق ھەممىڭ ھارام بولە، ئەلەمباينىڭ قازىنىدا تازا قاينىساڭ، قېيىن ئانام قويغان ھېسىپتەك تۈتۈپ ئولتۇرۇپ يەيمىز مەسلەر. يەڭلار، ئىچىڭلار مەسلەر، ياشاڭلار مەسلەر».

ھاشىم كېتىۋېتىپ بىرىسىگە بەكرەك ئۇرۇلۇپ كەتتى.

— كۆزۈڭگە بېقىپ ماڭساڭ بولمامدۇ ئۇيدەك ماڭغۇچە.

— كۆزۈمگە بېقىپ ماڭغاچ مۇشۇنداق — بۇقىدەك تۇرتۇپ ماڭىمەن...

ھاشىمنىڭ تىلى تۇتۇلغاندەك بولدى. ئاغزىغا بىر مۇنچە گەپلەر كېلىپ بوغۇزىدا غىققىدە تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. جەدە ئاتنىڭ ماڭلاي تۈكىدەك سېرىق ساقال، ئىنىمەك بۇرۇن، ماش كۆز. خۇددى توختى قوتۇرنىڭ ئۆزى. ياللا ھەجەپ ئوخشايدىكىنا ماۋۇ ئەبگا... ئۇ ئادەم ھاشىمنى ئۇرىدىغاندەك پوپوزا قىلىپ بىر مۇنچە تىللاپ كەتتى. ئەمما ھاشىمنىڭ قۇلىقىغا ئۇ ئۇن كىرمىدى. ئۇ ئادەم بويىنىغا ئېسىۋالغان قارا كۆن قاپلىق رادىئوسىنى سىلاپ، گىژىلداپ چىقىۋاتقان رادىئوسىنى شەرەتلەشلىرىدىن ھاشىم ئۆزىنىڭ رادىئوغا سوقۇلغانلىقىنى بىلدى. ئەبجەغ رادىئونىڭ ئاستىغا گېزىت قەغىزىگە يۆگەلگەن تۆت تال باتارېيە قارا رېزىنكىدە چىڭ تېڭىپ قويۇلغان. رادىئو تېشىغا تېڭىلغان ئاشۇ باتارېيىدە مېڭىۋاتقان ئىدى. بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ رادىئو ئاڭلاۋاتقان بىر قانچە پادىچى تەلەت ئادەملەرمۇ ئەرۋايى ئۇچۇپ رادىئو ئاڭلىغانىنىڭ ھەققىنى تۆلىگەندەك رادىئو ئىگىسىگە بولۇشۇپ ھاشىمنى تىللاپ قويۇشتى. ھاشىم «ئۇ-ۋي»، «بۇقا»دەك گەپ قىلماستىن ئادەملەرنى تۈرتۈپ كەتتى. ئارقىسىدىن تېخىمۇ سەت گەپلەر ئاڭلاندى. ئەگەر باشقا چاغ بولۇپ، ئۆشنىسىدە ماۋۇ مەرەز بولمىغان بولسا تازا ئىككى كاللا قويۇپ يوغان بۇرنىنى ماكچايتىۋەتمەسمىدى. لېكىنزە ھازىر شۇنداق ياقا سىقىشتىڭمۇ، بولدى، ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگەندەك بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىپ كېلىپ تاماشا كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچىلار پەيدا بولۇپ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، كېلىپلا كالتەكلەپ ئاپىرىپ باغلاپ تاشلاپ قويىدۇ. ئۇغۇ مەيلى، يا كەچكىچە يا ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقىرىۋېتىدۇ. لېكىن ئادەم يىغىلغان يەرگە ئامراق توختى قوتۇر كېلىپ قالسا ئىش چاتاق. بىلىپلا قالسا تېرەمنى تەتۈر سويىۋېتىدۇ، يا كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇنۇمنى ئوگدا سالىدۇ... ئۇ، قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئادەم جۇغلىشىۋالغان يەرگە كېلىپ قالدى. ساناقسىز كۆزلەر تېرەك تۈۋىدە غېرىبچىسىغا سېلىنغان چاپان ئۈستىگە قويۇپ قويغان كىچىك بىر ئۈنئالغۇغا ياۋايىلارچە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ قېلىشقان ئىدى. پەردازسىز يېزا ئاياللىرى، قويۇق ساقاللار، قورۇقلار ئارىسىدا تۈشۈكتەك بولۇپ قالغان كۆزلىرىنى مىت قىلماي قاراپ تۇرغان ئەرلەر، قارا توپا - لاي بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى

ئاغزىغا تىقىۋالغان باللار، بويىنىغا يوغان سېرىق مارجان ئېسىپ دەمدەك ئوسسا قويۇۋالغان ئۈزۈن چاچ چوكانلار، قولىقىغا ئالىقات ئۈرۈقى ئېسىۋالغان، كۆكسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قىزلار چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىگە قارىغانىدەك قاراپ قالغان ئىدى.

كىر - توپا باسقان ئۈنئالغۇدىن يېزا دۇتارچىسىنىڭ ۋارقىراپ توۋلىغان قوپال مۇھەببەت ناخشىسى چىقماقتا ئىدى. ئۈنئالغۇ يېنىدا كەتمەن شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋالغان باشقا يەرلىك بىر ياش بالا كېيىزىت قەغىزىگە ئورالغان نېشىنى چېكىپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ، ئادەملەرگە قەرز ئىگىسى قەرزدارغا قارىغانىدەك مەنسىتمەي قارايتتى. ئۇ، بۇ ئادەملەرگە ئۆلۈكىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىۋاتقانىدەك مەغرۇر قارايتتى. ھاشىممۇ توپا باسقان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن كۆزىنى چوڭ ئېچىپ ئۈنئالغۇغا تىكىلدى. «ياخۇدا، ئەمدى ما كارامەتنى كۆ. مۇنداق نەرسىگىمۇ بارمىدى تېخى. نەدىن تاپقانىدۇ ماۋۇ تەرەت چالمىسى... يا چوڭ يەرلەردىن ئوغرىلىغانمىدۇ. ئون كالىنىڭ پۇلىغا كېلەمدىغاندۇ.»

ھېلىقى كەتمەن شەپكە، ئادەملەردىن تويغانىدەك تاماكىسىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ، چاپىنىنى بىر شىلتاپ مۈرىسىگە تاشلىدى. چاپاندىكى توپا ئۈنىڭ بېشىغا سورۇلدى. ئۈنىڭ پەرۋايى پەلەك تۆت ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن مال بازىرى تەرەپكە مېڭىپ، قولىدىكى ئۈنئالغۇنى ئالدىغا بىر شىلتاپ قويۇۋېدى، ئادەملەر غالجىر ئىتتىن قاچقانىدەك بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ مۆڭگەشلەپ ئۈنىڭغا كەڭرى يول ئېچىپ بەردى. شۇ ئارىدا بىر چوكان:

- ۋىيىيەي، پۇلاڭشىتىۋەتسىمۇ چىقىۋېرىدىغان خش قېلىپكەن - ھە بۇ، - دېدى كۈلۈپ.

كەتمەن شەپكىنىڭ كەينىدىن ھاشىمنىڭمۇ ئەگىشىپ مېڭىپ بىردەم ناخشا ئاڭلىغۇسى، توغرىسى ئۇ خش قېلىپنى بەكرەك كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى، ئەمما نەپسى تاقىلداپ بوتكىغا بارغۇسى كەلدى. «يەنە كۆرۈۋالارمەن. ھۆكۈمەت ياسىغان شەيتانچاقلار ئاۋاتقا كەلمەي قالامتى...»

بازارنىڭ كانىيى قاتتىق ئىسقىرتىپ چىرقىرىغانىدىن كېيىن، ئىت قوغلىغان كاچىدەك تەتەتلەپ سۆزلەيدىغان ھاڭغۇت ئاۋاز بىرسى سۆزلىگىلى تۇردى:

- بارلىق ... بارلىق ... ھاراقكەش، جېدەلخور، قىمارۋاز ... لۈكچەكلەر دىققەت. بارلىق ... خورلار دىققەت. ھازىر ئاۋات شاڭلىق ① ھۆكۈمەت قانۇنىنى ئاڭلىتىمىز... بۇ قانۇنغا شاڭلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش شاڭجىڭى② بارات شاڭجاڭ، يەنى باشاڭجاڭ شەخسەن ئۆزى تەستىق سالغان.

- سۆزلە ئېلى پوقاق. سۆزلەپ بولۇپلا كانىيىڭنى ئۆچۈرۈپ بوتكىغا ئاران ئۈلگۈرىسەن، - دېدى ھاشىم خىرىلداپ كۈلۈپ،

كانايدىن ئېلى پوقاقنىڭ تەتەتلىشى ئاڭلىنىپ تۇردى:

- بالدۇر مۇش ئاتقانلارغا ئون كوي جەرىمانە، ئۈرۈۋەتكەنلەرگە ئوتتۇز كوي جەرىمانە قويۇلۇپ، ئون بەش كۈن سولاپ، خالا چىقارغىلى سېلىنىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ ھاراق بوتكىسىدىن ئون قەدەم نېرىغا بېرىپ يېتىپ قالغانلار، بازارغا تەرەت قىلىپ قويۇپ شەرمى - ھايادىن چىققانلار مەسلىكىدىن يېشىلگۈچە تېرەككە باغلاپ قويۇلىدۇ. بازار ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنى پايخان قىلىپ پاخشىۋازلىق قىلغانلار زىرائەتنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىغا قاراپ زىيان تۆلىگەندىن باشقا ئايرىم سولاپ قويۇلۇپ سەۋەب سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

① يېزىلىق ② يېزا باشلىقى

قىمارۋازلار تۇتتۇلۇپ قالسا كۇسارىدىن باشقا ھەممە نەرسىسى مۇسادىر قىلىنىپ، شەھەتلىك جاڭگىلىدا بىر ھەپتە زەيكەش ھاشىرى چاپىدۇ ... ھازىر باشاڭجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شاڭلىق ھۆكۈمەت ساقچىلىرى جەددىي سەپەرۋەرلىككە كەلدى. ئۆزەڭلارغا ھېزى بولۇڭلار ...

— ھا ... ھا ... ھا ... جۇرە ھاشىم، ئېلى يوقاقنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە بۇگۈن باغلىنىۋالغۇدەك ئىچىۋالمىساق بازار بىزگە مازار بولىدۇ.

بىر توپ ئېگىز - پەسلەر كېلىپ ھاشىمنى سۆرەشتۇرۇپ ماڭدى.

3

يېگىدىن نەقىشلەپ ھەل بېرىلگەن پېشايۋان ئاستىدا تاتلىق غەيۋەت باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. تۆردە يوغان سېرىق سەللە ئورىغان سەيدۇللا قارىم ئولتۇرغان بولۇپ، قىزىل، پارقىراق مەگزىنى ئورىغان كۆركەم چار ساقىلى توختىماي تىترەپ تۇرىدۇ، چوڭقۇر بېغىر كۆزلىرى ياشىرىپ پارقىراپ كەتكەن، ئاپئاق، چىرايلىق تىزىلغان يالغان چىشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن سالاپىتىگە بوۋايلار ئارىسىدىن كەم تېپىلىدىغان گۈزەللىك ئاتا قىلغان. ئالدىدىكى چەل بولغان بەقەسەم يوللۇق داستىخاندا ئاق نان كۆمتۈرۈپ قويغان قويرۇقى بىلەن پىشۇرۇلغان پاقلاننىڭ سېنى. مېغىز، ھەسەل، مۇراببا، مېۋىلەردە چىۋىنلار ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. تولۇق غاجىلانماي قويۇلغان قوۋۇرغا سۆڭەكلەردە ئۇششاق سېرىق ھەرىلەر ئۇياق - بۇياق مېڭىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇنىڭ ئون ئىككى تالىپى كۆزلىرىنى يۇمغان، كىچىك سەللە ئورىغان باشلىرىنى سىڭايان قىلىپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇستازىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا. تالىپلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان ئەڭ كىچىك، سەللىسىز ئاق دوپپىلىق سەككىز ياشلىق تالىپ بالا ئىچى پۇشقاندەك ھېلى ئۇياققا ھېلى بۇياققا قاراپ ئۇچىمىگە قونغان قۇشقاچلارغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان مۈكچەيگەن بوۋايلار ئېگىز - پەس قەبرىلەردەك دولىسىنى چىقىرىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ سەيدۇللا قارىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا. سورۇندىن ئورۇن تەگمىگەن ياش - ئوتتۇرا ياشلىق ئىمىزىك چىراي ئادەملەر قول باغلاپ قېرى تۇغراقلاردەك ئېگىز - پەس تۇرۇشماقتا. يۈزلىرى تەر ھەم مايلىشىپ كەتكەن قاراقات كەلگەن ساھىبخان ئايال كالا قويرۇقى چىۋىن قورۇغۇچتا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سەيدۇللا قارىمنىڭ زەللىسىدىكى چىۋىن، ھەرىلەرنى قورۇۋېدى، سەيدۇللا قارىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— تىللاخان، قورۇمىسىلا، خۇدا ياراتقان جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز رىسقى - نېسىۋىسى بولىدۇ، بىرىنىڭكىنى بىرى يېۋالالمايدۇ. بۇلارمۇ ئۆز تىلىدا خۇدا دەيدۇ...

— قارىمنىڭ گېپىنى بۆلمىسەڭلا بولمامدا.

شاپ بۇرۇت، ئات يۈز كەلگەن ساھىبخان ئەر خوتۇنىغا ئالايدى.

— چىۋىن چېقىپ ...

ئەر زەردە بىلەن قولىنى شىلتىپ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. تىللاخان خىجىل بولۇپ كەينىگە ياندى.

— شۇنداق قىلىپ...ھە... نېمە دەۋاتاتتىم...

سەيدۇللا قارىم دائىم يۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇمشۇقىنى قوينىدىكى كىر لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ سەل تۈرۈۋېلىپ سۆزلىدى:

— سۇلايمان داموللام: ئاۋاتلىقلارنىڭ تەگدىن تولىسى مېنىڭ مەسچىتىمگە توپلاندى، سەيدۇللا قارىم ئاخىرى مەسچىتىمدە ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇيدىغان بولدى، ئەگەر ئۇ ھۆكۈمىتىنى

ماناش ئالمايدىغان بولسا جامائەت ئۇنىڭدىن قاچمايتتى، ۋەھاكازا دەپ جۆيلۈپ، مېھرابنى پىتنە - پاساتخانا قىلىپ، پېقىرنى ئاممىغا قارا مۇشۇك كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنى خۇدا راۋا كۆرەمدا؟ ھۆكۈمەت دېگەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت. ئۇنىڭ قەھرى تۇتۇپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغاندا ساقاللىرىم قىرقىلىپ، مەسچىتلەر چېقىلدى، بىچەتلەندى. مانا ئەمدى خۇدانى تونۇپ، مەسچىتنى كەڭ ئېچىپ، ئىماننىڭ نۇرى ھەممە مۇسۇلماننىڭ دىلىنى يورۇتقان، پېقىردەك ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ ئازار يېگەن دىلىغا كۆڭۈل قويۇپ ئۆز قويىنىدىن ئورۇن بەرگەن، كاتتا زىياپەتلەر بېرىپ، ئېسىل ماشىنىلاردا چوڭ شەھەرلەرنى ئىستىراھەت قىلدۇرۇپ، مۇشۇنداق مەمۇرچىلىقلارغا ئېرىشكەن كۈننى قەدىرلەشنى دەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىن ئۈچۈن، ئىمان ئۈچۈن ئەمەسما. ھۆكۈمەت دىننى ئۆلىماغا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن رىسقى بېرىۋاتقان ئىكەن، ئۆلىمامۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتمىسا تۇزكور بولىدۇ. سۇلايمان داموللام دېگىنى ئەھلى - جامائەتنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن ئالىمسىز بىر شەيتان. بىر قاغىنىڭ ماڭا يەتكۈزگىنىنى ئاڭلاپ قويۇڭلا. خوتەننىڭ قايسى بىر يۇرتىدىكى قايمۇققان خەلق ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى پىر - ئۇستاز دەپ تونۇپ، ئوقەتكە ماڭغان رەۋەندىگە يۇرتىنىڭ ئۆشرە - زاكىتىنى دەپ ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ئەۋەتىپتۇ. رەۋەندە بىر ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئوقەت بۇغدىيىنى، كەينىگە يۇرت - جامائەتنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ ئەكېلىپ:

— ۋاي ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم داموللام، مەن بۇ تەرەپكە ئوقەتكە ماڭغان. يۇرت - جامائەت بىزنىڭ ئەقىدىمىز، كۆڭلىمىز، دەپ ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ئەۋەتتى، تاپشۇرۇپ ئالغايلا، — دەپ ئۇنىڭ پېشىنى سۆيۈپتۇ. بۇ ئاچكۆز، نائىنساب ۋاي ئوبدان، دەپ دۇئا قىپتۇ. تالىپلىرى بۇغداينى چۈشۈرگىلى تۇرۇپتىكەن. رەۋەندە ئۆزىنىڭكى بىلەن ئۆشرە - زاكاتنى ئايرىپ كۆرسىتىپ قويۇپ، نائىنسابنىڭ قۇرۇق چېيى بىلەن ۋەزخانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر كەمدە چىقىپ قارىسا، تالىپلار ھەممىنى ئەكىرىپ كۆيمەقايقا بېسىۋاپتۇ. رەۋەندە بېشىغا مۇشلاپ يىغلاپ يۈرگۈدەك. كۆردۈڭلارمۇ، مۇشۇمۇ تەقۋادار بىر ئەھلى ئۆلىمانىڭ ئىشىما ... مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قايسى ئەھكاملىرىدا باركەن. ئۇنىڭ تېخى يەنە شەرمەندىلىكىنى ئاڭلىمايسىلە. تالىپلىرىم پاتمىدى، دەپ ھويلىسىنى يولغا كېڭەيتىۋېلىپ ھارۋا پاتماس قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ يولدىن ئۆتىدىغان ئون ئىككى ئائىلىلىك يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن بىچارىلەر شاڭجاڭغا ئەرز قىلىپ، ھاكىمغا ئەرز قىلىپ قاخشاپتۇ. ھېچقايسىسى بۇ شەيتانغا يۈز كېلىپ بىر نېمە دېيەلمەي بۇ گەپ ئاخىر ناھىيىنىڭ خەنسۇ شۇجىسىغا يېتىپتۇ. ئۇ دېگەن خەنسۇچە يېزىقتىكى قۇرئاننى بۇرۇنلا ئوقۇغان، ئۇيغۇرچىنى تازا بىلىدىغان يامان ئەدەمكەن. بىر كۈنى ئون كادىرنى باشلاپ بۇ شەيتان يەتمىش تالىپىغا دەرس بېرىۋاتقان مەدرىسخانىغا كەپتۇ - دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم داموللام، — دەپ تىنچلىق ئامانلىق سوراپلا:

— بىزنىڭ ناھىيىدە ئىككى چوڭ «كاپىر» باركەن، بىرسى مەن، بىرسى سىزكەنسىز، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ شەيتان ھاڭ قېتىپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئىزا - ئەلەم بىلەن كېچىچە تامنى چېقىپ يولنى ئېچىپتۇ. ئەمما ئىككى ھەپتە دەرد ئاغرىقى بولۇپ ياتتى ...

— خوپ بوپتۇ.

— ھەجەپ يامان ئەدەمكەن.

— قالتىس دانا خەنسۇكەن ...

ئاڭلاۋاتقانلار باريكاللا ئېيتىشتى.

سەيدۇللا قارىم قويىنىدىن زەنجىرلىك سائەتنى ئېلىپ قاراپ:

— بۈگۈنكى مەسلى - مەرىپەتنى مۇشۇنچىلىك قىلساق بولا. پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولاپ قاپتۇ. دۇئا قىلساق بولاماي؟ — ئۇ كۆزى قىسىلغان ھالدا ساھىبخانىغا قارىدى.

— سەل تەخىر قىلسىلا قارىم، سەل. بۈگۈن ناھايىتىمۇ ئوبدان مەسلى - مەرىپەت قىلىپ بەردىلە. مېنىڭ كىچىككىنە كۆڭلۈم بارتى.

ساھىبخان ئەر شاپ بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، قويىنىدىن بىر تۇتام پۇل ئېلىپ سەيدۇللا قارىمدىن باشلاپ تالىپلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا دۈمچەيگەن بوۋاينىڭ باش تەرىپىدە ئويناپ ئولتۇرغان سەككىز ياشلىق تالىپقىچە پۇل قويدى. قارىم كۆزىنى يېرىم يۇمغان، ئېڭىكى مەيدىسىگە تەگكەن ھالدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھەر بىر تالىپنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پۇلغا قاراپ ئولتۇردى.

— بالام ساڭىمۇ قويدىمۇ؟ — دېدى سەيدۇللا قارىم سەككىز ياشلىق تالىپقا.

— ئۈچ كوي قويدى، — دېدى بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى مۇجۇپ تۇرۇپ.

— بەرمەي قالاپ تۇرسەنيا، ھەممىمىزنىڭ تاپشۇرغىنىنى كۆرمىگەنىدەك. بۇ دېگەن قائىدە، — دېيىشتى تالىپلار بالىغا ئالىيىپ.

بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى تېخىمۇ چىڭ مۇجۇقلاپ، كۆزىنى چوڭ ئېچىپ سەيدۇللا قارىمغا قارىدى.

— ئەكىلە بالام، بۇ - قائىدە.

بالا ئىشتىنىنىڭ لېپىزىدىن پۇرلىشىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇلنى ئېلىپ بەردى.

4

ئەتراپىنى ئۈچ رەت ئېرىق قىرى بىلەن چۆرىلىتىپ تېرەك، سۆگەت، جىگدە قويۇلغان مەھەللە پىراقتىن ھۆرىخانىنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇكىكىدە دەرەخ ئورىۋالغان كۆممىلاچ تاملىق ئۆيىنىڭ دۈملىمە قوش قانات ئىشىكىنىڭ كونىراپ قارىيىپ كەتكەن شالىرى جىگدە، سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدىن مارىغاندەك قاراپ تۇرىدۇ. باشقا خەقنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى قىيا ئوچۇق، بەزىلىرى ئېتىكلىك، بەزىلىرىدە يوغان قۇلۇپلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىشىك ئالدىدىكى يۇمشاق سېغىز توپىنى توزۇتىپ ئۈچ كۈچۈك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرگەندە يولدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلار قاقاڭلىق بىلەن لىككىدە قاشقا چىقىۋېلىپ، يەنە يولغا چۈشۈۋالىدۇ. ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋالغۇچە بىر كىم كۆرۈپ قالمىغىدى، دەپ ھۆرىخان ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئىشىك قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، ئۇ بېشىڭنى يەيدىغان بازارغا قاچىغان بولسا تېخى. ئۇ ئىشىكتىكى ھالقىغا شۇنچە قارىغانسېرى ئىشىكتە بىر قۇلۇپ باردەك، بىر قۇلۇپ يوقتەك كۆرۈنۈپ غەلىرىنى كۆپتۈرۈپ باردى. ئۇ بىركىم كۆرۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئانا ئېرىقنىڭ قىرى بىلەن كەلگەن ئىدى. «يا خۇداغا شۈكرى، ئوغرى سىيىتەك ھەنىم بولسا ئۆيىدە باركەنسەن»ئىشىكتىكى قۇلۇپسىز ھالقىنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. قوناقلىقتىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى كۆزەتتى. بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بىر مەللە مېكيانىنى قوغلاپ چىقتى. توخۇ يولغا چىقىپ يەنە كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم ھەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ قوغلىدى:

— ھۇ ئانىناڭنى، ئېلىنمىغان ... ئىڭگىچىسىڭنىڭ قېشىغا بارامتىڭ. ئاخشام تۇتۇپ قويۇڭلا دەپ شۇنچە دېسەم...

ئۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى چالاقىدە يېپىشىغا كېپىنۇ ئوچۇق ئاڭلانماي قالدى. ھۆرنىخان ئۇ ئادەم ھېكىيىنىنى ئەمەس، ئۆزىنى تىڭلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈۋالغۇچە بىر كىم ئۆيدىن چىقماي تۇرسا بولاتتى. ئۇ ئەمدى پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر ئىشىك ئېچىلىپ ئاۋۋال بىر بوز ئېشەك ئارغامچىسىنى تارتىپ يولغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاندىن تانىغا چىك ئېسىلغان ئون ياشلىق بىر يالىڭاچ ئوغۇل بالا تارتىشىپ چىقتى. ھۆرنىخان دەرھال كەينىگە يانىمەن دەپ پۇتى پاتقاققا كىرىپ كېتىپ، ئەتىگەن مايلاپ كىيگەن چىرايلىق پىتىنكىسى، يېڭى پايپىقى ھوشۇقىغىچە لاي بولۇپ كەتتى. قوناق شالدىرلاپ كەتتى. بالاچاپىقىنى ئۆۋۈلاپ شۇنداق قاراپ قويۇپ، راھەتلىنىپ توپا توزىتىپ يۈملاۋاتقان ئېشىكىگە قارىدى. ھۆرنىخان جىلە بولدى. «ھۇ، بېشىڭنى يەيدىغان سەت شۇم، يا بىر دەم تۇرۇپ چىقماي، يا بالدۇرراق چىقماي. ۋاي خۇدايىم، بۈگۈن ئەتىگەندە پىشلۇكۇنغا ئۇچرىغىلى تۇردىمۇ. ئىشىم ئوڭغا تارتامدۇ نېمە؟» ئۇنىڭ سول مەڭزى ۋىژىلداپ ئېچىشتى. شۇنداق سىلىۋېدى، قولىغا سۇس قان سۇۋۇلۇپ چىقتى. ئۇ دەررۇ يانچۇقىدىن كىچىك يۈملاق ئەينەكنى چىقاردى. يۈزىنى قوناق يوپۇرمىقى جىجىۋەتكەن ئىدى. يۈزىدە ۋىلىلداپ ئېنچىكە قىزىل سىزىق پەيدا بولدى. «سىيىتەك ئوغرى، يۈزۈڭنى چىشلەپ مەنمۇ قانىتىۋەتمەيدىغان بولسام...»

— سەت توڭرۇلۇق نېماندا تەستەئاچچسەن ئىشىكىڭنى، — ھۆرنىخان تۆت ئەتراپقا ئالاق-جالاق بولۇپ ئىتتىك بوسۇغىدىن ئاتلىۋېدى، سېيىت يالىڭاچ، قوڭۇر تۈك باسقان مەيدىسى بىلەن تۇسىدى.

— مانا بولدىما ئوغرى، — ھۆرنىخان سېيىتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپلا مەڭزىنى قاتتىق چىشلىمەك بولۇپ بوش چىشلەپ قويۇۋەتتى. سېيىت يەنىلا ئۈنچىقماي، ساغۇچ پىستان كۆزىنى ھۆرنىخانغا سۈرلۈك پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، قىرلىق بۇرنى ئۇششاق تەردىن پارقىراپ كەتكەن، قوڭۇر ساقاللىرى قىياقتەك ئۆسۈپ، گۆشلۈك كالپۇكلىرى كۆرۈنمەي قالغان ئىدى.

— نېماندا ئالتەشەنى ئۆتتۈرۈۋەتكەندەك سەت قاراپ تۇرىسەن. سەتلىكىڭنى. ئانامنى ئازدۇرۇپ بولالماي مۇشۇ ۋاخ بولۇپ كەتتى شۇ. ئىش قىلىپ ۋەدەمدە تۇرۇپ كەلگىنىمگە، جانبوۋىكام دەپ تەلپىگىنى ئاسمانغائاتساڭ بولمدۇ. ۋاخ قالدىم دەپ تېخى كېچۈزلىكمۇ-كېچۈزلىك، قوناقلىقمۇ قوناقلىق ئۇدۇل مېڭىپ بازارغىمۇ بارماي كەلدىم. قالىغىنا مانا، بىچارە پىتىنكەممۇ رەسۋا بولدى.... ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. ئۆيەڭگە كۆتۈرەپ ئەچىمىسەڭ چىمەيمەن. ھە... ھىم. مانا...

ھۆرنىخان يەنە ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇچكە چاقاندەك سۆيۈپ كەتتى.

— ھە. مولۇندەك قالاپ تۇرماي كۆتۈرۈپ ئەچىرە. سەتلىكىڭنى. ۋاي تاۋى نازۇك غوجامەي.

سېيىت يەنىلا تەبەسسۇمسىز، مەيدىسىنى تاتىلاپ ئارقىسىغا— ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى.

— سېنى ھازىر كۆتۈرەپمۇ، كۆتەمەيمۇ ئۆيگە باشلىيالمايمەن، — دېدى بوش ئەمما تۈك - قويالىق بىلەن. ھۆرنىخاننىڭ تاقىلداپ خومالىشىپ كەتكەن كۆزلىرى قوشقاچقا تىكىلگەن مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالدى. قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن يۈزلىرى شاپىدە ئۆزگەردى.

— سەن، خوتۇنۇم ئازىلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىمدۇ دېمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ

قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئەستە مىدىرلىتىپ پەس، تەھدىت ئاۋازدا.

— سېنى ئىخىر تاماق ۋاقتىغىچە ساقلىدىم، بىر خالتا موخۇركام تۈگىگىچە ساقلىدىم، ئاخىر بولماي بازاردىن تاماكا ئەكەلدىم. يېگىنىنى...

— ھە، مۇنداق دەڭ تېخى. ۋۇي سەت، يۈزسىز. شۇڭا كۇسار بىلەنلا تالاغا چىقىپتىكەنسەن - دە. مەن تېخى يوتقاندىن قوپماي ياتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ھۇ ئىت، توخۇ. مەن كۆرىمەن ئۇنى.

ھۆرىخانىنىڭ كۆزىدىن غالجىرانە دۈشمەنلىك چاقناپ كەتتى. سېيىت ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت ۋاپاسىز توخۇ. مەن ئۇ رەسۋا ئازگالچاقنى بىر كۆرۈپ يۈزىگە شالاقىدە بىر تۈكۈرۈۋالمىسام ھېساب ئەمەس.

ھۆرىخان يۇلقۇندى، سىلكىشلەپ سېيىتنىڭ قولىنى تاتىلىدى.

— نەگە بارىسەن سارالڭ. بۇ سېنىڭ ئۆيەڭ ئەمەس، مېنىڭ ئۆيەم. نېمانچە بىشەملىك قىلىسەن...

— مەن ئۇنىڭ چېچىنى ژۇگدايمەن. مەندىن قانچىلىك ئوشۇق، بىر كۆرىمەن. ئۇنىڭ چاتىرقىغا پۇتۇمنى تىقىۋېتىمەن. سېنىڭ تاپقان ئازگالچاقنى چاتىرىقىدىن يېرىپ تاشلىۋېتىمەن. چېچىدا ئىلاڭگۈچ ئۇچىمەن.

سېيىت ئۇنىڭ بوينىدىن قامالّلاپ تاغارنى چۆرىدىگەندەك چۆرۈۋەتتى.

— ھۇ ئۆزىنى بىلەيدىغان پاسكىنا. سەن مېنىڭ خوتۇنۇمىدىڭ. نېمانچە يوغان سۆزلەيسەن گەپ قىلمىسام...

ھۆرىخان تويغا دۈملاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى، پاكىزلەپ كىيگەن كىيىملىرى بۇلغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى. ئۇ پۈتۈنلەي بېسىلىپ قالغان ئىدى. كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ئۇچقۇن، ئاغزىدىن مەسخىرە كۈلكىسى تۆكۈلدى.

— ھىم، بىلدىم. قەسەمخور ھايۋان. ئالىمەن دەپ ئېرىمدىن بوزدۇڭ، ئالىمىدىڭ. بويتۇ دېسەم، ئاخىر كېلىپ ئالدىڭدا مۇشۇنچىلىك خارلىققا قالدىما. نامەرد، ئەركەك تۈكى يوق ئىت. مەرەز ...

— يوقال كۆزۈمدىن قانجۇق.

ھۆرىخان يۈزىدە ماگدىمۇ، پۇتىدا ماگدىسىمۇ، خۇدىنى يوقىتىپ، قايان ماڭغىنىنىمۇ بىلمەي يۈگۈردى. بىر تونۇش ناخشا ئۇنى سەگىتتى.

جاھاندا نېمە ياخشى،
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.
ۋاپاسىز خوتۇنۇڭدىن،
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.
......
......
باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن،
ئەنجان تامىلىق باغ ئىكەن.
تۆل خوتۇنغا چاقچاق قىلسام،
ماڭا مەيلى بار ئىكەن...
......

ناخشا — بىر ھەسرەت - نادامەت، بىر ھېسسىياتلىق مۇھەببەت كۈيى ئىدى. ئاھاڭگىمۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق، بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەتراپنى قويۇق كەندىر پۇرىقى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

— مەسكەن بۇ بىچارە شەيتان.

ئۇ يەنە يىغلىۋەتتى. ئۇ ھوشىنى تېپىپ رەسمىي يىغلىدى. يەنە ھەر مۇقامدا ناخشا ئاڭلاندى. يادىغا قايسى ناخشا كېلىپ قالسا شۇنى تووۋلاپ تۇردى.

......

زاغرىخان باتۇر،
زەدىنى قايناتۇر.
بىر دەم بولمىسا،

كۆزنى ئويناتۇر...
لاي...لاي...لاي...
......
قىزىل خوراز چوقۇدى،
ئاق مېكىياننىڭ تاجىسىنى.
بىر كۈن بېرەر ھۆكۈمەت،
پارىخورنىڭ جاجىسىنى.
......

ھۆرىخان ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. سۇپىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئوسمان مەيدىسىنى شاپىلاقلاپ ناخشا ئېيتماقتا. كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش سېرىق گۆشسىز يۈزىنى يۇيۇپ، كىرلىشىپ، يۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئالدىدا كونا قاپاق چىلىم توپىغا مىلىنىپ ياتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ئۇزۇن چېچى توپا بېسىپ كۆزلىرىنى توسۇۋالغان ئىدى.

— ئوسمان، نېمانداق بولۇپ كەتكەنسەن؟

ئوسمان كۆزىنى ئېچىپ بىردەم جىمىدە قاراپ قالدى. بىردىنلا ھۆرىخاننى قۇچاقلىۋېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ھەجەپ ۋاقتىدا كەلدىڭ ھۆرىخان. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە كۆڭۈل سوراپ كەلدىڭمۇ. مەن ئۆگەشتىم. ھەممە - ھەممە نەرسەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم. ئۆيەمنى، يېرىمنىڭ كۆكىدىن تارتىپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم. ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نېنى ھارام بولدى ماڭا. ئادەمدىن قېچىۋېدى، خوتۇنۇممۇ بالىلارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە كەتتى. ھەممە نەرسەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم... .

ھۆرىخانمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— مەنمۇ ... مەنمۇ ... ھەممە نەرسەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم.

— ئىچىمدىكى دەردىمنى قارنىمغا بىر پىچاق سالسام چىقىپ كېتەرمۇ.

— مەنمۇ قارنىمنى يېرىۋالىدۇدەك بولۇپ كەتتىم.

— مېنىڭ دەردىمگە يەتكىلى كەلدىڭمۇ، مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دېگەن مەن.

— دەردىمنى تۆككىلى كەلدىم. قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن.

— ئىككى كۈن بولدى ئاغزىمغا گىيا سالمىدىم. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم.

— مانا يە. ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ رىسقى بىر ئوخشايدۇ.

ھۆرىخان قوينىدىن پىششىق قوي گۆشى، سامسا، تۇخۇم چىقاردى.

— ۋاي جېنىم ھۆرەم، ھۆرەم، ساڭا قانداق خوتۇن يېتەر... ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ. يەنىلا كونا ئاشىنىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ.

— جېنىم ئوسمان ... ئوسمان ... راست دېدىڭ. ئۇ چاغدا كىچىككەنمىز. كىملەرنىڭ قوينىدا ئېغىنىدۇق. بالىلىق بولدۇق. كىچىك ۋاقتىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

ئىككىسى توپىغا يۇمىلىنىپ كەتتى. ھۆرىخاننىڭ قولىدىكى گۆشىمۇ توپىغا مىلىنىپ كەتتى.

5

كۈن مەغرىبكە بويۇن قىسىۋېدى، قاپاق تېرەكلەرنىڭ سايىسى كۈن چىقىشقا ئۇزاردى. بازاردىن سودىسىنى تۈگەتكەن، ھېرىپ ئاچقان، زېرىككەنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاپاق تېرەكنى بويلاپ سەپ بولۇپ مەست تاماشاسى كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقتا ئىدى. ھاراق بوتكىلىرىدىن چىقىپ يولغا، قىرغا، لايغا، ئاشخانىغا، ياپىمغا يىقىلغان مەستلەرنىڭ ھالىمىسىنى يېزا ساقچىلىرى ئۇدۇللۇق سۆرەپ ئەكېلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قۇچاق تەستە يېتىدىغان قاپاق تېرەكلەرنى قۇچاقلىتىپ باغلاپ قويغان. باغلاۋاتىدۇ.

يىقىلماي بازارنىڭ ھەممە يېرىدە تاپىتاڭلاپ، شالىنى ئېقىتىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ يۈرگەن-لەرنىمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كېلىپ باغلاپ قويىدۇ. ساقچىغا ئۇچرىماي قالغانلارنى خەق سۆرەپ قاپاق تېرەككە ئەكېلىپ بېلىگە باغلىغان تانىدا، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ تۆش بېغىدا تېرەكنى قۇچاقلىتىپ باغلاپ قويۇپ، لەنەت ئوقۇپ كېتىپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى قاتارى تېرەك قۇچاقلاپ تۇرغان مەستلەرنى تازا تەرلىتىپ قىزىتى-ۋەتكەن ئىدى. بىر مەست ھەدەپ تىپچەكلەپ پۇتىغا توپا چېچىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ھەي ئاۋاتلىقلار ... خەپ ئاۋاتلىقلار، مېنى قويۇۋەت ... مەن مەس ئەمەس. قويۇ-ۋېتىش، ھېلى بىكار ھەممىڭنىڭ خوتۇنىنى... مەن بولالمىدىم. بەك قىستاپ كەتتى. ھېلى ئىشتانغا چىقىرىۋېتىمەن، مېنى قويۇۋەت...

ئۇ، تېرەككە بىر - ئىككىنى ئۇسۇۋېدى، پېشانىسى بىلەن بۇرنى تەڭ يېرىلىپ قان چىقىپ كەتتى. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى:

— خەپ جوما ئاۋاتلىقلار. ھۇ خوتۇن تالاقلار، مېنى ئۇردۇڭما، ئۇرغان قولۇڭغا رازى بول جوما. خەپ بىر بوشىنىۋالاي، ھەممىڭنىڭ خوتۇنىنى... قارىنىڭنى يېرىۋەت-مەيدىغان بولسام. خەپ تېرەك، ساڭا ئوت قويۇۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا دېگەن نامىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن... ئۇ چاغدا ئۇزۇن چاچ سېلىپ، دەمدەك ئوسما قوياپ جالاپ بولاپ كېتىمەن ... ھا... ھا... ھا... جالاپ، پۇتۇن ئاۋاتتىكى ئەركەكلەرنى بۇرنى-قۇلىقىغا كەلگۈچە تويغۇزىدىغان جالاپ... ھا... ھا... ھا...

ئولىشىۋالغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— سىيىۋەتتى. ھۆ... پوق...، — بىر بالا تولۇۋەتتى. پەسلەپ قالغان ئىشتاننىڭ ئېغى ھۆل بولۇپ ئايىغىدىن ئاققىلى تۇردى. پەتىلدىگەن ئاۋاز بىلەن سېسىق بۇس تارالدى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار:

— ھۇ رەسۋا، مەرەز، — دېيىشىپ ئاغزى - بۇرنىنى يۆگەپ نېرى قاچتى.

يەنە بىر تېرەكنىڭ تۈۋىدىن پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىر مەست ھە دەپ تېرەكنى چوكۇلدىتىپ سۆيگىلى تۇرغان ئىدى:

— ھە، مانا بولدىما. سۆيە. سەنمۇ سۆيمەمسەن. تاتلىق، جېنىم، ئامرىقىم مەن ساڭا رەسمىي چىن يۈرىكىمدىن كۆيەپ قالدىم. سېنى ئويلىساملا ئىچىم پىژىلدە ئوت ئېپ كېتىدۇ. مەن كەچكىچە سۆيسەم سەن مۇزدەك قالاپ تۇرامسەن. مانا بوپتا، مەن كۆيگەنكىن مەن يەنە سۆيەي. مەيلى بۇرۇن باشقا ئەدەمنى قۇچاقلىغان بولساڭمۇ مەن سېنى ئالاي، ئۇنچىۋالا يالۋۇرتما ....

مەست تېرەكنىڭ قوتۇرماچ قېتىپ كەتكەن قوۋزىقىنى توختىماي سۆيۈپ، تېرەككە توختىماي چەمەك سېلىپ تۇردى.. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى تاتىلىنىپ قاناپ كەتكەن ئىدى.

— ھە دەپ يالۋۇرۇپ شۇنچىنى سۆيسەم، زۇۋان سۈرمەيسەن. زۇۋانىڭغا بىرمە كەپلىشىپ قالدىما. پاسكىنا ئازگالچە، رەسۋا. كەچكىچە قۇچاقلاپ تۇرۇۋېرسەن، يا سۆيمەيسەن، يا قويۇۋەتمەيسەن. يوقال كۆزۈمدىن، سەندەك جادۇگەردىن تويدۇم. ئىككىنچىلەپ ساڭا ئالدىمىنى قىلىدىغان بولسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلارى
يا ئۆچمەيدۇ، كۆيمەيدۇ.
........
يائاللا، يارازاق،

يا قامغاق، يا زاغراق.
كەچكىچە قوچاقلاپ
سۆيسەم، يا كۈلمەيدۇ.
يا سۆيمەيدۇ، قوچاقلاپ تۇرۇۋېرىدۇ.
لاي... لاي... لاي...

ھاشىم تېرەكنى قوچاقلىغانچە بېشى سىڭايان بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئاغزىدىن يانغان قوسۇق بىلىكىدىن سىرىلىپ بېقىن، ساغرىلىرىغىچە چاپلىشىپ قېتىپ قالغان. ئىسسىقتىن يۈز - كۆزلىرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن، ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا چاپلاشقان قوسۇقلاردا چۈمۈلىلەر قويۇق قونۇۋالغان ئىدى. ئاغزىدىكى قوسۇقنى بىر قارا ئىت يالىغىلى تۇرغان ئىدى.

ئۇنىڭ قوشنىسى يەنە بىر مەست ھەدەپ ۋارقىراپ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلاپ تىللىماقتا. ئۇنىڭ تاسىمىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئىشتىنى ساغرىسىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، كۆسىرىنىڭ كەينى سۆكۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئوششاق بالىلار ئۇنىڭ كاسىسىغا شاپاق، قوغۇن ئۇرۇقى ئېتىپ كۈلۈشمەكتە. ئۇ ھەدەپ تىللايدۇ:

— ھۇ ئانىڭنى. ھېلى بوشىنىۋالسام بويۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن، ھارامدىن بولغانلار... خەپ ھۆكۈمەت، ھاراقنى نېمىشقا ياسىدىڭ. مېنى ھاراق قەرزىگە بوغۇپ قويدۇڭ. مېنى قەرزگە بوغۇۋەتتىڭ. سەن ھاراق ياسىمىساڭ مەن ئىچمەيتتىم. قەرزمۇ بولمايتتىم. تېرەككە باغلانمايتتىم. كۆتۈمنى ھېرىمۇ چېقىۋالمايتتى. سېنىڭ ھارىقىڭنى ئىچىپ خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدا تىلىم يوق. ئىككى پۇللۇق يۈزۈم يوق. ھۆ... ھۆ... ھۆ...

تېرەك بېشىدا بىر قاغا ئۇۋۇلىغان بولۇپ، ئۇ پات - پات قاقىلداپ قويۇۋېدى، ئۇ مەست، قاغىنى تىللاپ كەتتى.


ئىككى ساقچى مال بازىرى تەرەپتىن بىر مەستنى ئاللىقازان ئېتىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. مەست ھەدەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا. تىپچەكلىمەكتە.

— ھۇ ئاۋاتلىق ئوغرىلار. كېچىچە ھەممىڭنى يەر يۇتۇپ كەتەر. ھەممىڭ خۇدا قاغىۋەتكەن مۇناپىقلار ... ھەممىڭ بۇزۇق. خۇدا شۇڭا سەنلەرنى ئىلگىرى باستۇرمايدۇ. نېمىڭ پۈتۈن بولمايدۇ. ئۆلگۈدەك ئىشلىسەڭمۇ بىر يېمەك ئىككى بولمايدۇ. ھۇ ئالدامچىلار. خۇدانىڭ ئاسىلىرى. بۇ گېپىم راست، ھەممىسى راست. مەن مەس ئەمەس، مېنى قويۇۋېتىش. مېنى قويۇۋەت. مەن مەس ئەمەس. قايسىڭ مېنى تېرەككە باغلىساڭ خوتۇنىڭ بىلەن تۇتۇلۇپ قالمىسام ھېساب ئەمەس.

بىر ياش ساقچى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېپىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى قاناپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش شالىسى قۇيۇلماقتا. ھەدەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمەكتە...

ساقچىلار ئۇدۇللۇق مەستلەرنى تېرەككە باغلىماقتا. خەقمۇ ئەكېلىپ تېرەككە باغلىماقتا. بازاردىكى ھەر بىر تۈپ تېرەك بىردىن مەستنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بازارغا كەلگەن سان - ساناقسىز ئادەملەر تېرەك تۈۋىگە — مەست بازىرىغا كېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ. كۈن ئوپۇقتا ھاياجان بىلەن قىزىرىپ، ئېسىلىپ ئولتۇرماقتا. قىزغۇچ نۇر تېرەكنى، ئادەملەرنى، تۇپراقنىمۇ قىزىللىققا پۈركىدى. بىر خىل قىزىللىق ھەممە نەرسىنى، مەستلەرنىمۇ، ساقاللىرىنىمۇ، تۇپراقنىمۇ، تېرەكنىمۇ مەستتەك كۆرسىتىدۇ.

1989- يىل ئىيۇن، مەكىت.
1989- يىل 3- ئۆكتەبىر، لەنجۇ.




(رىۋايەت)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋاھاپجان رازىق

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى توپان بالاسى بولغان ئىكەن. شۇ مەزگىلدە نوھ ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنى كېمىسىگە ئېلىپ، بىر رىۋايەتتە ئۈچ ئاي، يەنە بىر رىۋايەتتە ئالتە ئاي سۇ يۈزىدە يۈرگەن ئىكەن. ئوزۇقلۇق ئۈچۈن باشقا نەرسىلەر قاتارىدا يەنە ناھايىتى كۆپ مىقداردا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىۋالغان ئىكەن. كېمە بىلەن ئۈزۈپ يۈرۈش جەريانىدا كېمىگە ئۇرغۇن قېتىم سۇ چىقىپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ ئاستى سېسىشقا باشلاپتۇ. ئوزۇق تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەر ئىلاجسىز سېسىغان ئۈزۈملەرنى سىقىپ، سۈيىنى ئوزۇق قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بېشى سەل قايغاندەك بوپتۇ، ئەمما روھلىرى بىردىن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە ئىچىنى خۇشخۇي چاقچاق، جاراڭلىق ناخشىلار قاپلاپتۇ. ھەممە كىشى بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشىپتۇ. كېيىن يەنە سېسىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەندە يۇقىرىقى ئەھۋال تەكرارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر سېسىغان ئۈزۈم سۈيى روھنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.




توپان بالاسى ئاخىرلىشىپتۇ. تىنچ تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن كېمىدىكى ئەھۋالنى ئەسلىشىپ، سېسىغان ئۈزۈم سۈيىدىن بىر خىل ئىچىملىك تەييارلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى شاراب دەپ ئاتاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ. تۈرلۈك بەزمە - زىياپەتلەردە شاراب ئىچىش ئومۇملىشىپتۇ.

شۇ زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ بىرىدە، شارابنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، كەيپىياتنى

تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، شارابنىڭ ئىچىلىش مىقدارىنى كېمەيتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە:

— كىمدە - كىم شارابنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئىچىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ، ئاز شاراب بىلەن كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدىغان ۋە جانلىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتالايدىغان بولسا ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مال - دۇنيا بېرىلىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ.

شۇ زامانلاردا ياخشىلىقتىن قول ئۈزگەن، ئەسكىلىكتە داڭ چىقارغان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ تەس كۈنگە قالغان بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى مەلئۇن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ جاكارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچكۆزلۈكى غەليان كۆتۈرۈپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ ۋە پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئۈچ ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىسا كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىپتۇ.

مەلئۇن ئۆيىگە كېلىپلا ئىش باشلاپتۇ. ئۇنداق قىپتۇ، مۇنداق قىپتۇ، قىلىپ باقمىغان ئىشلىرى قالماپتۇ، ئەمما بىرەر ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە كېلىدىن تاماق ئۆتمەي يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆزى چېقىر، بۇرنى پاناق، يۈزى گۆشلۈك، بويى پاكارغىنا كەلگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سودىگەر قىياپەتلىك بىر كۆسا ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە:

— ھەي مەلئۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلئۇن پۇتلىرىنى ئېقىتقان ھالدا زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، يىغلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— يىغلىما، بۇنىڭ چارىسى ئاسان، سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا، بىر يولۋاس، بىر تۈلكە، بىر قىزىل خوراز تەلەپ قىلغىن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئۈزۈم سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرتۇرۇچ ياسىغىن، شۇ چاغدا ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ ھېلىقى ئادەم ۋە شۇئان كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. بۇ ئادەم ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇملۇقلارنىڭ پىر - ئۇستازى شەيتان ئىكەن.

مەلئۇن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شاراب ياساپ ئىچىپ بېقىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەقلى لال بولۇپ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ - دە، بىر تۇلۇق شاراب تەييارلاپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ شارابنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال ۋەزىر - ئەمىر، ئاكابىر - ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بىر نەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن شۇنداق بىر ئەھۋال سادىر بولۇپتۇكى، مۆرىمەسلەر ناخشىغا، سۆرەلمەلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، قورقۇنچاقلار باتۇرغا ئايلىنىپتۇ. تاماق قويۇلغان شىرەنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىپ، پادىشاھقا قول شىلتىپ، چۇۋۇتقۇلىرىنى چۇۋۇغىلى تۇرۇپتۇ. بەزى تولۇق مىجەزلەر ئالاھىدە مۇلايىملىشىپ يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بوينىدىن ئېلىپ شېرىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئادەتتە ياۋاش، مۆمىن دېگەنلەر يەڭ سۇغۇرۇپ ئاداۋىتى بارلار بىلەن جېدەللەشكىلى باشلاپتۇ. بەزىلەر ھايا - نومۇس دېگەنلەرنى

تاشلىۋېتىپ، ئاياللارغا ئېسىلىشقا، بەزى ئاياللار بولسا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەرلەرگە چاپلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ. زىياپەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان بولسىمۇ، كىشىلەر قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقلىرىنى سېزىشمەپتۇ ۋە ئادەتتە تۈگەپ كېتىدىغان زىياپەت تاماقلىرى ئېشىپ قاپتۇ.

كىشىلەر شۇ زىياپەتتىكى ئەھۋالنى تەھلىل قىلىشىپ، قورقۇنچاقلارنىڭ باتۇرغا ئايلىنىشى يولۋاس قېنىنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن، بەزىلەرنىڭ بەك مۇلايىم ياكى ھارامزەدىلىشىپ كېتىشى تۈلكە قېنى قوشۇلغانلىقتىن، ھايا ـ نومۇسنىڭ يوقىتىلغانلىقى قىزىل خوراز قېنىدىن، قورساقنىڭ ئاچماسلىقى ئۈزۈم سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن دەپ خۇلاسە قىلىشىپتۇ.


شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن شاراب ئىشلەش تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپتۇ. ئەمما جەمئىيەت كەيپىياتى يامانلىشىپ جېدەل ـ ماجىرا، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق يامان ئىشلار ئەۋج ئاپتۇ. بۇ ئىشلارغا قارىتا بەزى ئاقىللار بۇ شاراب ئەمەس، ھەلەق ئىكەن، دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ بۇ نام ئومۇملىشىپتۇ. ئۇزۇن جەريانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھەلەق» سۆزى «ھاراق»قا ئۆزگىرىپتۇ. ھاراق ۋە ئۇنىڭ ئېتى مانا شۇنداق پەيدا بولغان ئىكەن.

(«مىراس» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى)


## ماقال ـ تەمسىللەر

* چېچەن ئۇمىدنى كەسپكە باغلايدۇ، ھاماقەت خام خىيالغا.
* ئەقىل ـ پاراسەت تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى بولماستىن بەلكى تەجرىبىنىڭ مېۋىسىدۇر.
* چوڭ بىلەنمۇ، كىچىك بىلەنمۇ كېڭەش، ئاخىرى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن يەش.
* ئەقلى چولتىنىڭ ئاچچىقى كۆپ، تېز ئېقىننىڭ تېشىشى كۆپ.
* ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى بوۋايغا بالا بولىدۇ، ئىككى بوۋاينىڭ ئارىسىدىكى بالا دانا بولىدۇ.
* ئاچچىق ئېلىشتۇرىدۇ. ئەقىل تېپىشتۇرىدۇ.
* ئەقىلسىزنىڭ مەنزىلى پۇشايمان.
* ئىزدىگەندىن تىكەن ئۇنسە، ئەۋلادىگىنىڭ پۇتىغا كىرەر.
* ئۇيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.
* دۈشمىنىڭ قىلدەك بولسىمۇ، ئەندىشەڭ پىلدەك بولسۇن.
* نەپسىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.
* دوستۇڭدىن دەردىڭنى يوشۇرساڭ دۈشمىنىڭ خۇشال بولۇر.
* سەبرە ـ ئاقىلىق ئادەمنىڭ ئىستىھكامى.
* مېھمان تويمىسىمۇ «رەھمەت» دەر.
* بۈگۈنكى كۈن ـ تۈنۈگۈنكى كۈننىڭ شاگىرتى.
* ئىت ئۆگزىگە چىققان بىلەن ئىگىسىدىن چوڭ ئەمەستۇر.
* كېسەلنىڭ توققۇزى ژىنىدىن، بىرسى جىنىدىن بولۇر.
* دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن قەدىرلىك ئۈچ نەرسىلا بار. ئۇ بولسىمۇ بىلىم، ئاشلىق ۋە دوستلۇق.

توپلىغۇچى: ئادالەت ھادى





(لىرىك داستان)

قۇربان بارات

## مۇقەددىمە

تىرىك جانكى مۇھتاج بولسا نېمىگە،
شۇنى ئىزلەپ تەمتىرەيدۇ دۇنيادا.
مەڭگۈ پۈتمەس بۇ ھاياتنى ئىزلەشلەر،
ئىزلەنگۈچى ئۆلمىسىلا مۇبادا.
ئۆز يولىنى ۋە ئورنىنى ئىزلەيدۇ،
يورۇق چېچەپ سانسىز ئاخشام يۇلتۇزى.
ئوزۇق ئىزلەپ يوغىنايدۇ ۋە شاخلايدۇ،
گۈل ـ گىياھنىڭ تۇپراقتىكى يىلتىزى.
ئايلاپ ئۇچۇپ ئېگىز كۆكتە تۇرنىلار،
ئۆزلىرىگە ئىللىق ماكان ئىزلەيدۇ.
يىرتقۇچلار ئورمان بىلەن تاغلاردا —
چېچەپ يۈرۈپ يېڭى قۇربان ئىزلەيدۇ.
ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەر ھەتتا زۇلمەتتە،
دېڭىز ئاستى تەمىن ئەتكەن ئوزۇقتا.
چاڭقىغان جان سۇ ئىزلەيدۇ زېمىندىن،
ئازغان كارۋان يول ئىزلەيدۇ قۇملۇقتا.



مەندە ئەقىل چاڭقاقلىقى يۈز بەردى،
مۇھتاج بولدۇم، ئىزلەپ چاپتىم ھەر ياققا.
دىۋانىدەك قىلدىم تەشنا ئىلتىجا،
نەزەر سالدىم قايناپ تۇرغان ھاياتقا ...

## ئىككى دېھقان

سەيياھ كەبى كېزىپ يۈردۈم يۇرتمۇ يۇرت،
كېلىپ قالدىم تەكلىماكان بويىغا.
شېرىك بولۇپ قالدىم ئۇندا تونۇشقان
بىر دېھقانىنىڭ پۇشايمانلىق ئويىغا.
ئۇ يېڭىلا ئاغدۇرۇلغان ئېتىزنى
يالىڭاياغ دەسسەپ ئۆرە تۇراتتى.
تاغدەك بەستى ۋە يالىڭاچ كۆكسىدىن،
ھۆكۈز كەبى بىر كۈچ بەرق ئۇراتتى.
ئۇنىڭ ھارغىن ھۆكۈزىمۇ كەينىدە —
ئىدى قوشتىن تېخى يېڭىلا بوشانغان.
يېقىن يەردە بىر تۈپ سۆگەت بار ئىدى،
قېرى بەستى يۈز قېتىملاپ شاخلانغان.
ئۇنىڭ بېشى گويا مۇشتقا ئوخشايتتى،
تۈگۈلگەندەك تەييار بولۇپ ئۇرماققا.
دېھقان خىيال بىلەن قاراپ تۇراتتى،
بادىرلىرى كېسىلگەن بۇ چوقماققا.
قاۋۇل دېھقان، ھارغىن ھۆكۈز ۋە سۆگەت،
ساپان بىلەن ئاغدۇرۇلغان يۇمشاق يەر،
شالاڭ گىياھ، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى،
باش - ئۇچىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭلىكلەر —
ئارىسىدا بىر باغلىنىش بار ئىدى،
بەلكى قىسمەت، مىجەزدىكى ئوخشاشلىق.
بىر ھاياتنىڭ شەكلى داۋام قىلاتتى،
ھەم كەچمىشكە، ھەم ھازىرغا قاراشلىق.
دېھقان ماڭا مۇڭ تۆكتى ۋە كۆرسەتتى،
قوشنىسىنىڭ تېرىيدىغان يېرىنى.
قوشنا زېمىن ئىدى باشقا بىر سۈرەت،
كۆردۈم تامام باشقا ھايات ئىزىنى.
ئورمان ئىدى ئۇ زېمىننىڭ ئەتراپى،
يېڭى پەيدا بولغان كەبى بىر جاڭگال.
ئېگىزلىقتا ۋە ئورماننىڭ ئىچىدە
ئەركىن ئوتلاپ يۈرەر ئىدى يۈزلەپ مال.
قىزىل سىرلىق يەپيېڭى بىر تراكتور
ئېتىزلارنى قىلار ئىدى شۇدىگەر.
پارقىرايتتى كۈز قۇياشى نۇرىدا
ئوغۇتلانغان، ئاپتاپ يېگەن سېغىز يەر.
— مانا بۇنى دېھقان دەيدۇ دېدى ئۇ،
تېخى ئۆزى ياش كۆچەتتەك بىر بالا.
ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن بايلىق ياراتتى،
ئاتىسىدىن ئېشىپ قالغان بۇ دالا.
ئاتا ئۆلدى، قايتىپ كەلدى مەكتەپتىن،
دېھقان بولدى ۋە يول تۇتتى باشقىچە.
ئائىلە چوڭ، دەسلەپتە قىينالدى،
ۋە جاپامۇ چەكتى يېتىپ — ئاشقىچە.
ئورمان قىلدى، توخۇ باقتى، مال باقتى،
كېۋەز تېرىدى، تېرىدى كۆكتات ۋە قوغۇن.
مال بوردىدى، تېرە ساتتى، يۇڭ ساتتى،
تۆت - بەش يىلدا جۇغلاپ ئالدى پۇل نۇرغۇن.
قىشنىڭ كۈنى چىقىپ كەتتى يېزىدىن،
يۇرت ئارىلاپ، شەھەر كېزىپ پۇل تاپتى.
كىراكەشلىك قىلدى ئېلىپ بولكىۋاي،
قورقماي ماڭدى، ماڭغانسېرى يول تاپتى.
ئۇن زاۋۇتى قۇردى ئاخىر يېزىدا،
ئىشچى ئېلىپ، ئوبدان مائاش تارقاتتى.
پۇللۇق بولۇپ قالدى نۇرغۇن ئائىلە،
نېپى تەگدى، كۈچىمىزگە كۈچ قاتتى.
يېزىمىزنى تۇتاشتۇرۇپ چوڭ يولغا
كۆۋرۈك سالدى، يول ياساتتى بىر ئوبدان.
مەكتەپ سالدى، بوغۇنلارنى بىر چەتتە
قالمىسۇن دەپ يەنە ساددا ۋە نادان ...
ئىككى قوشنا، ئىككى دېھقان، يەرمۇ تەڭ!
مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولىمەن.
كۆرۈپ ئۇنىڭ شىجائىتى، ئەقلىنى،
قىزغىنلىققا ۋە ھەۋەسكە تولىمەن.
ئۇ ئەقىلنى نەدىن تاپتى، مەكتەپتىن؟

ئادەملەردىن ـ ياقا يۇرتتا ئۇچراشقان؟
نەدىن كەلدى تومۇرىدا ئۇنىڭكى،
شوخ بۇلاقتەك ئۇرغۇيدىغان قىزغىن قان؟
مەن قورساقنىڭ تويغىنىغا شاد بولۇپ،
ئۇڭدا ياتتىم، چەكمەي جاپا، تارتماي دەرد.
چەتنىمىدىم كەتمەن بىلەن ھۆكۈزدىن،
ھەرىكەتسىز، تاپالمىدىم بەرىكەت.
گويا سۆگەت ـ بىللە ئۆسكەن ئىككى تۈپ،
بىرى ئۆسكەن كەڭ ئاسماننى قۇچاقلاپ.
يەردىن قۇۋۋەت، كۆكتىن ئاپتاپ ئىزلىگەچ،
بادىرلىرى قانات يايغان باجغانلاپ.
سايىسىدا ئارام ئالار يولۇچى،
ۋە ئەلەڭگۈچ سالار قىزلار ئۇنىڭغا.
يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلارمۇ
ئالدى بىلەن كېلىپ قونار شۇنىڭغا.
يەنە بىرىنى قىرقىپ تۇرغان مۇھتاجلىق،
ئۆسكەن شېخى ئوتۇن بولغان ئوچاقتا.
بەكمۇ غېرىب كۆرۈنىدۇ ئۇ شاخسىز،
گەرچە غولى پاتمىسىمۇ قۇچاققا.
خۇددى ئاشۇ سۆگەت ئەنە چوقماقتەك ...
باقسام ئاڭا، ئالالمايمەن كۆزۈمنى.
نادانلىقتىن پۈتكەن بىر مۇشت ئۇ گويا،
تۇيۇلىدۇ ئۇرماقچىدەك ئۆزۈمنى!...

## ئىككى ئايال

ئەقىل بىلەن ئەقىلسىزلىك ـ ئاچا يول،
بەزەن تەقدىر تاشلار ئاڭا ئىنساننى.
بۇ ئاچا يول مەجبۇر قىلار تاللاشقا،
مۇشكۇل ھايات سەپىرىدە ھەر جاننى.
ئەقىل يولى ـ پاراۋانلىق، گۈللەنمەك،
ئۇندا ھايات بوستانى ۋە دەريا بار.
چۆل ئازابى بولار يەنە بىر يولدا،
ۋە ئىنساننى ئىززەتلەرنى قىلماق خار.
گاز پارتلاپ ئۆلدى خاڭدا بىر ئىشچى،
تىرىك كىرىپ يېنىپ چىقتى ئۆلۈكى.
تىنەپ قالدى گۈللەپ تۇرغان ئائىلە،
تويۇقسىزلا سۇنۇپ ئۇنىڭ يۆلەكى.
قاۋۇل ئىنسان كېتىپ قالدى بەكمۇ ياش،
ئايال قالدى، يېتىم بولدى تۆت بالا.
قارا تەقدىر بىر كۈندىلا ئۇلارنى
قىلىپ قويدى ئاچا يولغا مۇپتىلا.
سۆزلىگەندە تەمتىرەشنىڭ تۇمانى،
قەيسەر ئايال كۈچ ئىزلىدى ئۆزىدىن.
ئەقىل تاپتى، تاپتى بەلكى شىجائەت،
بالىلارنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزىدىن.
قاساپ بىلەن كىنوخانا ئالدىدىن
ياشىلاتقا يېڭىباشتىن ئاچتى يول.
ئۆپكە ـ ھېسىپ قويۇپ ساتتى، پۇل تاپتى،
كۈندۈ ۋە تۈن مېھنەت قىلدى سېلىپ قول.
ياشناپ كەتتى يەنە كىچىك ئائىلە،
غەم يېمىدى ئوتۇن ـ تۇزدىن، ئاش ـ ناندىن.
مىننەت، تاپا ۋە خورلاشلار بولمىدى،
تۇغقانلاردىن، قوشنىلاردىن، ھەر ياندىن.
بالىلارمۇ قاتناپ تۇردى مەكتەپكە،
ئۆزگىلەرنىڭ بالىلىرىدەك شاد ـ خورام.
ئۆزىنىڭ ئەقلى بولدى ئۆزىگە باشپانا،
مېھنەت بىلەن تاپتى يەنە جان ئارام ...
دۇچار بولدى بۇ تويۇقسىز تاللاشقا،
شۇ مەلىدە يەنە باشقا بىر چوكان.
ئۇنى ئېرى تاشلاپ كەتتى بىر كۈنى،
لۆكچەكلىككە ۋە ھاراققا تىكىپ جان.
دولقۇنلارغا ئاتقان تاشتەك يۇتتى ئۇ،
كەڭ دۇنيادا ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى.
ھېچكىم بىلمەس ئۇ ئۆلدىمۇ ـ تىرىكمۇ،
لېكىن ئايال ياشلا تۇرۇپ تۇل قالدى.
مۇھەببەتتىن پۈتكەن گۈزەل مېۋىلەر ـ
ئوغۇل ۋە قىز قالدى يەنە ئاچ ـ زار.
كۆزگە ئىلماي قويدى ئۇنى كىشىلەر،
تۇغقانلىرى ئىچىدىمۇ بولدى خار.
ياشلىقىدا ئوتتەك قىزغىن سۆيۈشكەن،
توي قىلىشقان بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ.

تاپاۋەتلىك يىگىت ئىدى، ئىشلەيتتى،
كەلگەن ئىدى بىر دەريانى ئاقتۇرۇپ.
قىز ئىشەنگەن تامام ئۇنىڭ ئەقلىگە،
بىلگەن ئۇنى گويا تاغدەك يۆلەنچۈك.
دەريا قۇرۇپ، غايىب بولغان چاغدا تاغ،
بىردىن ئۇنى بېسىپ چۈشتى ئېغىر يۈك.
مەڭگۈ راۋان بىلگەن هايات يولىنى،
بۇ دۇنيانى چۈشەنمىگەن ئۇ نادان.
هەممە نەرسە ئۆزگىرىشتە ياشىغان،
مەڭگۈ بولۇپ باقان ئەمەس هېچقاچان.
بېسىپ كەلگەن چاغدا قارا مۇهتاجلىق،
نان غەۋغاسى تۇغۇلغاندا ئاخىرى —
يول تاپالماي، تىلەپ چىقتى كوچىغا،
بولۇپ قالدى ئۇ شەهەرنىڭ سائىلى.
ماگىزىننىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇردى،
رومال بىلەن يېپىۋېلىپ يۈزىنى.
دۈپۈرلىگەن ئاياغلارنىڭ ئاستىدا،
تىيىنلەرگە تىكتى مىسكىن كۆزىنى ...
ئىككى بالا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا
بولدى خاراب تەقدىرىنىڭ هەمراهى.
ئەخلەت - چاۋا قىلىپ قويدى ئۇلارنى،
ئىنسان بولۇپ تۇغۇلماقنىڭ گۇناهى.
يېپىشىدۇ كىشىلەرنىڭ پۇتىغا،
ئازراق تىيىن ئالمىغۇچە قويمايدۇ.
بەزەن بولسا ... تېخى كىچىك ئەمەسمۇ،
پەلەمپەيدىن چىقىپ - چۈشۈپ ئوينايدۇ ...

## نۇر شەكلىدە يوقالماق

توك تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى بىر كۈنى،
ئاخشام پەيتى ئىدى، ئېغىر ئۇھ تارتتىم.
يېڭى تۇغۇلغان بىر شېئىرىمنىڭ ئۈستىدە
ئوتتەك هەۋەس بىلەن ئىشلەۋاتاتتىم.
قىزىم ئىشلەپ ئولتۇراتتى تاپشۇرۇق،
ئوغلۇم بولسا كەررىلەرنى يادلايتتى.
ماڭا پەلەي توقۇر ئىدى ئايالىم،
زىنخى ئەپلىك يىپتىن - يىپقا تاخلايتتى.
توكمۇ كەتتى، غايىب بولدى يورۇقلۇق.
ئىشىمىزدىن توختاپ قالدۇق بىز شۇئان.
ئۆيىمىزنى قاپلاپ ئالدى ئىسلىشىپ —
جىمىرلىغان قاپقاراڭغۇ بىر تۇمان.
خىيالىمغا كېلىپ قالدى بىردىنلا،
قاچاندىندۇر ئېشىپ قالغان بىر تال شام.
تىمىسقىلاپ تاپتىم ئۇنى ۋە ياقتىم،
يەنە مېھنەت پەيتى بولدى بۇ ئاخشام.
يانغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتتى شام،
كۆيدى چاقناپ، بەكمۇ گۈزەل چېچەكلەپ.
گويا تۈندە يول كۆرسەتكەن ماياكتەك،
بىزنى ئىشنىڭ مەنزىلىگە يېتەكلەپ.
شېئىرىم پۈتتى، مىسرالارغا ئورنىدى
تومۇرۇمدا ئاققان قىزغىن هاياجان.
ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك پىكىرلەر
شېئىرىم بىلەن ياشار بەلكى كۆپ زامان.
تاپشۇرۇقنى ئىشلىۋالدى قىزىممۇ،
ئېلىپ باردى جۇغراپىيە تەكرارى.
خاتىرىسىگە ئورناپ قالدى مەڭگۈلۈك،
دېڭىز - ئوكيان ۋە قىتئەلەر قاتارى.
كەررىلەرنى يادلاپ چىقتى ئوغلۇم هەم،
كۆزلىرىنى ئۈزۈپ پات - پات كىتابتىن.
ئۇزاق ئۆمۈر يوللىرىدا ئەمدى ئۇ،
ئاداشمايدۇ ماجىراسى كۆپ هېسابتىن.
پەلەيىممۇ توقۇپ بولدى ئايالىم،
شام نۇرىدا يىغىپ ئاڭا زېھنىنى.
توقۇپ چىقتى گويا مەڭگۈ بىر سۆيگۈ،
ۋە ئۆزىنىڭ ئوتقا ئوخشاش مېھرىنى.
ئۇنتۇلماس يورۇقلۇققا ئايلىنىپ،
كۆيۈپ پۈتتى، ئاخىردا ئۆچتى شام.
يەر شەكلىدە، كەررىلەردە، شېئىردا
ۋە پەلەيدە مەڭگۈ قالدى بۇ ئاخشام.
قاراڭغۇنى يورۇتماققا جان تىكتى،
ئۆز ئۆمرىنى ئايلاندۇردى قىممەتكە.
ئۆزى خالاپ بېغىشلىدى ئۆزىنى،

ئۆتتۈلماس ۋە يوقالماس مېھنەتكە.
ئەستىمەمدى توپا بېسىپ ياتماقنى،
كۆيدۈرگۈچى ئوتنى تاپتى، بولدى شاد.
نېسىپ بولدى نۇر شەكلىدە يوقالماق.
نۇرلىنىشتىن تاپتى گۈزەل بىر هايات.
شامنىڭ ئۆمرى بەردى ماڭا بىر ئەقىل،
هەر نەرسىنىڭ ئۆمرى بىر كۈن توختايدۇ.
نۇرلانغۇچى ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدۇ،
كۆرمەس كۈنى ئاشۇ شامغا ئوخشايدۇ ...

## تۈگمەندە يۈرگەن چاشقان

كىچىك بىر ئىش گۆدەك چېغىم دۈچكەلگەن،
خاتىرەمگە سىڭىپ ئۆتكەن ئىدى ئىز.
ئۇزاق يىلدىن كېيىن بۇ ئىز چاقىندى،
خىيالىمغا كېلىپ قالدى تۇيۇقسىز.
سۇ تۈگمىنى بولىدىغان بوۋامنىڭ،
يۇرت بېشىدا، قېلىن تالليق ئىچىدە.
پىرقىرىغان تۈگمەن تېشى هەيۋەتلىك
گۈلدۈرلەيتتى كۈندۈزى ۋە كېچىدە.
يېقىن تاغدىن ئېقىپ كەلگەن ئۇلۇغ سۇ
ياغاچ نودىن قۇيۇلاتتى باغرىغا.
چاقپىلەكتىن چاچرىغان سۇ ئوخشايتتى
غەزەپلەنگەن ئارسلاننىڭ ياللىغا.
ماڭا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى ئۇ تۈگمەن،
ئاسانلىقچە ئاڭا ئاياغ قويمايتتىم.
نەزەرىمدە قورقۇنچلۇق جاي ئىدى،
تۈندە جىنلار تۈنەيدۇ دەپ ئويلايتتىم.
شۇ تۈگمەنگە يېقىن جايدا بىر كۈنى
ئېگىزلىقتا مال باقاتتۇق توپ بالا.
شامال چىقتى، كېيىن بولسا بۇلۇتلار
تاغ تەرەپتىن بېسىپ كەلدى قاپقارا.
چاقماق ئوتى ياللىتىردى يىراقتا،
قارا تۈتەك قاپلاپ ئالدى ئاسماننى.
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى دەهشەتلىك،
قورقۇنچقا سېلىپ ئەتراپ ـ هەريانىنى.
ئۈستىمىزگە يېتىپ كەلدى چاقماقلار،
گۈلدۈرلەشلەر پەيدا قىلدى زىلزىلە.
ئېرىقلارغا مۆككۈۋالدۇق باللار.
پىچانلارنى پاناه قىلىپ بىز بىللە.
ۋەهىمىگە چۈشتى ئات ۋە كاللار.
يىلان كەبى ياللىتىرىشىدىن چاقماقنىڭ.
كوچىلاردا يۈگرەپ قالدى ئادەملەر،
نىيىتىمدە بىرەر پاناه تاپماقنىڭ.
مەن ياتاتتىم قىزىقسىنىپ هەم قورقۇپ،
پىچان ئىچىگە تىقىۋېلىپ يۈزۈمنى.
بىر چاشقاننى كۆرۈپ قالدىم ئېتىزدا،
غەيرەت قىلىپ ئاچقان چاغدا كۆزۈمنى.
خۇددى ئۇنىڭغا مەلەپ قويۇپ بەرگەندەك
غەلىتىلا ئاپئاق ئىدى ئۇ چاشقان.
گويا هېچ ئىش بولمىغاندەك ئاسماندا،
ئېگىزلىقتىن ئىزلەپ يۈرەر ئىدى دان.
گۈلدۈرماما ئۆتۈپ كەتتى ئاخىرى،
يۈگرەپ باردىم تۈگمەندىكى بوۋامغا.
سوئال قويدۇم ئالدىراپ هەم هودۇقۇپ،
بوۋام كۈلۈپ ئورۇپ قويدى دولامغا.
ـ بوۋا، قۇلىقى يوق بولامدۇ چاشقاننىڭ.
بىز قورققاندا ئۇ يۈرىدۇ دان ئىزلەپ؟
ئۇ نېمىشقا باشقىلاردەك قاچمايدۇ،
تۇرسا ئاسمان قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلەپ؟
ـ ئۇ تۈگمەندە يۈرگەن چاشقان! ـ دېدى ئۇ،
كۆنۈپ قالغان گۈلدۈرلىگەن ساداغا.
ئۇ قورقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر،
بۇ گۈلدۈرلەش تارقالغاندا هاۋاغا ...
قورقما بالام سەنمۇ گۈلدۈر ـ تاراقتىن،
گۈلدۈرلەشلەر هەرگىز ئادەم يېمەيدۇ.
دېدى بوۋام، ـ قورقمىسىلا هېچ ئىش يوق،
نۇرغۇن ئادەم بۇ ئەقىلنى بىلمەيدۇ.
پەيدا بولسا كىچىككىنە ۋەهىمە،
ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك تىترەيدۇ.
بىلمەيدۇكى، شاپتۇل بىلەن ئۆرۈكمۇ
بوران ـ چاپقۇن مەۋسۇمىدە گۈللەيدۇ.

كېسەر تىغقا ئايلىنالماس پولاتمۇ
قورقسا ئوتتىن، بولقىلارنىڭ زەربىدىن،
قورققاق ئىنسان مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ،
ئۆز ئۆمرىدە بارا - بارا ھەممىدىن!

## زەنجىرلەنگەن ئىت ...

ئۆچكەن ئەقىل يالقۇنىمۇ بەزىدە،
كولاشتۇرساڭ ئوت ئالىدۇ زېھنىڭدە.
يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆتكەن ھېيت كۈنى،
ۋە بىر بوۋاي پەيدا بولدى يېكىرىمدە:
مەن ھېيتتا قالغان يىراق ئۇ يۇرتلار
ماكانلاشقان چۆل بويىدا - خىلۋەتتە.
تۈمەن خەلق ئارام ئالدى ئۇ كۈنى،
ئېتىزلاردا ئىشلەپ ئۆتكەن مېھنەتتە.
ئۇ دۇنياغا كەتكەنلەرنى ياد ئەيلەپ،
ئاۋۋال تاڭدا قەبرىستانغا يول ئالدى.
هارۋىلاردا، ئات - ئېشەكتە، پىيادە،
پۈتۈن ئاۋام تاغقا قاراپ قوزغالدى.
يۈكۈنۈشۈپ قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا،
دۇئا قىلدى ۋە قىلىشتى قىرائەت.
باشلىرىنى ئەگدى ئۇزاق، ئۆلۈمنىڭ -
قۇدرىتىگە قىلىپ مىسكىن ئىتائەت.
خۇددى كۈزنىڭ يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ،
ئاياللىرى ئىزھار قىلدى قەلبىنى.
ئۆلگەنلەرگە سۆزلەپ بەردى بىرمۇبىر،
تىرىكلەردىن كۆرگەن جاپا - دەردىنى.
كېيىن بولسا، ياغلىقلارنى چۆرىدەپ
داستىخانلار ھاسىل قىلدى قېرى - ياش.
يۈز كۆرۈشۈپ، بىر سورۇنغا جەم بولدى،
ئاكا - ئۇكا، ئۇرۇغ - تۇغقان، قېرىنداش.
تاپقىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى،
ئەكەلگىنى ئىدى جىگدە، گۈلە - قاق.
ئاققوناقنىڭ زاغرىسىمۇ ئۇشتۇلدى،
سىڭىپ پىشقان، پىياز قوشقان ۋە ئاپئاق.
نېمىدېگەن غېرىبچىلىق دەپ ئويلاپ،
مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولدى ئاز - تولا.

كېيىن باقسام، خاتا قىلغان ئىكەنمەن،
ئۇچۇپ كەتتى مەندىن مۇنداق قايغۇلار.
تاغدىن چۈشۈپ تۈزدى خەلق چوڭ سورۇن،
ناغرا - سۇناي چېلىپ چۈشتى ساماغا.
ئاياغلاردىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ،
بۇلۇت بولۇپ ئۆرلەپ چىقتى ھاۋاغا.
شادلىنىشنى بىلمىدىكەن ئۇلارمۇ،
پىرقىرىدى قىزغىن ساما قويۇنى.
چېلىش بولدى، بەل تۇتۇشتى پالۋانلار،
بولدى قوشقار سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى.
قاراسلىتىپ مۈڭگۈز ئۇردى قوشقارلار،
ئۇتقىنىغا قىزىل شەلپەر باغلاشتى.
كېيىن ئىتلار كەلتۈرۈلدى سورۇنغا،
غاژ - غۇژ قىلىپ غەزەپ بىلەن تالاشتى.
زەنجىرىدىن بوشىتىلغان ھامانلا،
ئايلىنىشتى قورقۇنچلۇق ھايۋانغا.
يول بەرمىدى بىر - بىرىگە، ھەتتاكى -
ئۆزلىرىنى باققان ھامىي ئىنسانغا.
ئىشى بولدى چىشلىمەك ۋە قان تۆكمەك،
دۈشمىنىدىن ئالدى پارچە قەھرىنى.
جان تىكىشتى، بەكمۇ ئەزىز بىلمىدى
قۇرتقا ئوخشاش ئۆز جېنىنىڭ قەدرىنى.
سوراپ كۆردۈم، ئىتقا نەدىن كېلىدۇ،
مۇنچە غەزەپ ۋە ئېلىشماق قۇدرىتى؟
سوئالىمغا جاۋاب بەردى بىر بوۋاي:
- زەنجىرلەردىن كەلگەن ئۇنىڭ جۈرئىتى.
تالايدىغان، چىشلەيدىغان بولغاچقا،
ئىگىلىرى قويۇشىدۇ زەنجىرلەپ.
كەلمەس ئىدى مۇنچە قەھرۇغەزەپكە،
باغلاقتىلا ياتسا ئۇلار كۈن - كۈنلەپ؟
شۇڭا مۇنداق ئىتلار سۈرلۈك بولىدۇ،
تالاشقىمۇ ۋە ئوۋغىمۇ يارايدۇ.
زەنجىرىدىن ئالسا ئەگەر بوشىنىپ،
يولۋاسنىمۇ، ئېيىقنىمۇ قوغلايدۇ.
لېكىن جەڭگە يارىمايدۇ لالما ئىت،

قورقۇنچلۇق بولمىدىمۇ ئەلپازى.
پەقەت ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ غېمىدا،
كوچا ـ كويدا تەمتىرەيدۇ قىش ـ يازى.
ماكانى يوق، ئىگىسى يوق ئۇلارنىڭ،
ھەممە يەردە دۇچ كېلىدۇ قوغلاشقا.
شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ سايىاق ئۆمرىدە
چۈشەلمەيدۇ ھەرگىز مۇنداق تالاشقا!

## شىرغا ئوخشايدىغان مۈشۈك ...

ئەللەت ئىكەن ماختىنىش ۋە كۆرەڭلەش،
ئەگەر ئاڭا بولۇپ قالساڭ مۇپتىلا.
مەھەللىمىزدە مۈشۈكىنى ماختىغان،
كىچىككىنە مەندىن چوڭراق بىر بالا.
دېگەن ئىدى مۈشۈكىنى قۇچاقلاپ،
بۇ مۈشۈكۈم خۇددى شىرغا ئوخشايدۇ.
شىر دېگىنى مۈشۈكۈمنىڭ ئاكىسى،
تاغ ئىچىدە ۋە ئورماندا ياشايدۇ.
ھەممە جانلىق قاچار قورقۇپ ئۇنىڭدىن،
قورقۇنچلۇق، ئادەم يەيدۇ ئۇ ھايۋان.
ھۆركۈرىسە تاغلار غۇلاپ چۈشىدۇ،
تاغ ـ چۆللەردە تەنھا ئۆزى ھۆكۈمران!
كىچىك ئىدىم، مەن بۇ سۆزگە ئىشەندىم،
ئەيمەندۈردى مۈشۈك دېگەن بۇ ھايۋان.
شىر دېگەننىڭ قۇدرەتلىك ئوبرازى
خىيالىمنى ئىگىلىدى كۆپ زامان.
ئۆمۈرۋايەت ئۆچمەس ئىدى بۇ ئوبراز،
مەن شەھەرگە كەلمىسەمدىم ئەگەردە.
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ئۇنى ئاخىرى،
ھايۋاناتلار باغچىسىدا ـ قەپەزدە.
قۇلۇپلانغان تۆمۈر قەپەز ئىچىدە
ئۇ ھۆكۈمران سۇنايلىنىپ ياتاتتى.
ئۆزاپ كېتىپ بارغان ئاپتاپ ئاستىدا
خۇددى مۈشۈك كەبى ئۇخلاۋاتاتتى.
مۈشۈككىلا ئوخشايدىكەن دېگەندەك،
تەققى ـ تۇرقى، بۇرۇتلىرى، كۆزلىرى.
لېكىن توغرا بولماي چىقتى بالىنىڭ ـ
كىچىككىنە ماڭا ئېيتقان سۆزلىرى.
كۆپ كۆزەتتىم، كۆڭۈل قاپتۇ، يېمىدى،
كىرىپ سۆڭەك تاشلاپ بەرگەن ئىنسانىنى.
ھۆركىرىشى ھۆركىرىدى، لېكىن تاغ ـ
يىقىلمىدى تىترىتىپ ھەر يانىنى.
بىزمۇ كۆرگەن ئەمەس دېدى كىشىلەر،
ھۆركىرەشتىن گۈمۈرۈلگەن تاغلارنى.
ئىكەن بۇ شىر ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇغان
تاغ ـ چۆللەرنى سوراپ ئۆتكەن چاغلارنى.
بولۇپ قاپتۇ ئەمدى قەپەز ئىچىدە
ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ زىننىتى.
كۆرۈسەڭكەن سېتىۋالساڭ بىر بېلەت،
ئون تىيىنغا توختايدىكەن قىممىتى ...

## قىزچاق ۋە قورچاق

يول بويىدا ئولتۇرىدۇ بىر ئايال،
خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققان موگۇدەك.
ۋە يېنىدا كىچىككىنە قىزچىقى ـ
سىكىلەك چاچ، ئوماقىنە بىر گۆدەك.
خارابىدا ئېچىلىپ قالغان بىر گۈلدەك،
كۆرۈنىدۇ بەستى كونا ئەگلىدىن.
نۇر چاچىدۇ گويا شاپتۇل چېچىكى
توم توقاچتەك قىزىرىپ تۇرغان رەڭگىدىن.
شامال چىقسۇن ياكى ئېرىپ ئاقسۇن قار،
مېيىپ ئايال قوزغالمايدۇ جايىدىن.
قىزچاق ئويناپ ئولتۇرىدۇ بىپەرۋا،
ئانىسىنىڭ ئىلتىجالىق ئاھىدىن.
نېمىلەرنى دەيدۇ ئانا، بۇ قىزچاق
ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ.
لېكىن دوراپ ئانىسىنى بەزىدە،
قوللىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ تىلەيدۇ.
ئىشتىن چۈشۈپ كۆرۈپ قالدىم بىر كۈنى،
قورچاق ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ ئۇ قىزچاق.
لاتا قورچاق ـ كۆزلىرى كۆك، سېرىق چاچ،
كونا ئەمما پۈتۈن ئىدى بۇ قورچاق.
قىزچاق بەكمۇ خۇشال ئىدى قورچاقتا،

شادلىناتتى، شوخلىناتتى، كۈلەتتى.
ئەركىلىتىپ دەيتتى ئاللىنېمىلەر،
ۋە بوۋاقتەك پەپىلەيتتى، بەزلەيتتى.
مەن ئويلىدىم، ھېچكىم سېتىپ يۈرمەيدۇ،
بۇ شەھەردە مۇنداق كونا قورچاقنى.
كىمدۇر بىرى بېرىۋەتكەن ئوخشايدۇ،
شاد قىلماقچى بولۇپ ئاشۇ قىزچاقنى.
يېڭىسىنى ئالغان بولسا قىزىغا،
كونىسىنى بەرگەن ئاڭا ئۇ ئىنسان.
خىيالىغا كەلگەن ئۇنىڭ بۇ قىزچاق —
تېخى قورچاق ئوينايدىغان كىچىك جان.
بولغان بولسا كېرەك ئۆيدە بىئارام،
يېڭى قورچاق ئويناغاندا ئۆز قىزى.
بۇ ناتونۇش ۋە خەيرىخاھ ئىنساندىن،
چاقناپ قالدى بىر تال ئەقىل يۇلتۇزى:
ئىنسان كۆنى تەگشەلمىگەن ھېچقاچان،
دۇنيا، تەقدىر ئۆزى شۇنداق ئېگىز - پەس.
بىر زېمىندا ياشايدىغان ئادەملەر
ئۇرۇق - تۇغقان، بىر - بىرىگە يات ئەمەس.
كېرەك ھايات يوللىرىدا ھەر دائىم،
ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئويلىماق.
شۇندا ئىنسان پەرقلىنىدۇ ھايۋاندىن،
ئاخىر ئىنسان بالىسى - دە ئۇ قىزچاق!

**ئىت كۈچۈكىنى ئېمىتكەن بۆغا**

ئايدىڭ كېچە، ئولتۇراتتىم ھويلىدا،
يىراق تاغدىن ئۇچۇپ كەلدى بىر شامال.
ئورماندىكى بىر بۆغىنىڭ ئىشىنى
قۇلىقىمغا پىچىرلىدى ئۇ دەرھال.
دېدى: بىر ياش بوغاز بۆغا بار ئىدى،
قەدىم، قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە.
ۋاقتى يېتىپ موزايلىدى سالامەت،
ئاي نۇرلىرى كۆلۈپ تۇرغان كېچىدە.
بالىلىرىنى ئېمىتكەندە ئەتىسى،
پەيدا بولدى ئۇ تۇغمىغان بىر بوغۇن.
بىر قانجۇقنىڭ تاشلاپ كەتكەن كۈچۈكى،
قارىماپتۇ كۈچۈكلىگەچ ئۇ نۇرغۇن.
شۇنداق رەڭگى، كىچىككىنە ئۆلۈمتۈك،
تىترەپ تۇرغان تېخى تۈكسىز بەدىنى.
يېتىپ كەلدى يىقىلىپ - قوپۇپ، ئۆمىلەپ،
سېزىپ بۇرنى يېڭى سۈتنىڭ ھىدىنى.
ئانا بۆغا رەت قىلمىدى كۈچۈكنى،
ئويلاپ قالدى يات بولسىمۇ كىچىك جان.
قانداق قىلىسەن تۇرسا تىترەپ — يالۋۇرۇپ،
ئۇ ئېمىتتى، بەردى ھايات، بەردى قان.
تاشلاپ قويسا ئۆلىدىغان بىر نەرسە،
ھايات تاپتى، يېڭىباشتىن تۇغۇلدى.
بالىلىرىنىڭ قاتارىدا بۆغىنىڭ،
ئارىلىشىپ ئېمىپ ئۇنى چوڭ بولدى.
ئۆسۈپ يېتىپ ئايلاندى ئۇ تايغانغا،
بىر كۈنلىرى كەتتى تاشلاپ تۇيۇقسىز.
ئوۋچى بىلەن پەيدا بولدى ئاز ئۆتمەي،
ئۇ بۆغىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئىز.
يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ئۇيات - نومۇسنى،
ئالدى بىلەن كېلىپ ئاڭا چىش سالدى.
غەزەپ بىلەن تېپەۋېدى ئۇ بۆغا،
تۇمشۇقلىرى قان بولدى - دە، يوقالدى.
مىلتىقىنى بەتلەپ كەلگەن ئوۋچىنى
تۇتتۇۋالدى كۆزەتچىسى ئورماننىڭ.
ئوۋلىماقچى بولمايدىكەن بۆغىنى،
بىرسى ئىكەن ئەتىۋارلىق ھايۋاننىڭ.
ئىت نەسلىدىن ھەرگىز بۆغا چىقمايدۇ،
ئانا بۆغا بۇ ئەقلىگە ئىشەندى.
ئېمىتىپ قويۇپ بىر تاشلاندۇق كۈچۈكنى،
ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى چۈشەندى...
دېدى شامال، قىلما ھەرگىز تەربىيەت،
شۇ كۈچۈككە ئوخشايدىغان ئىنساننى.
خۇددى دېھقان سالغان كەبى قوينىغا،
كۆرۈپ يولدا توڭلاپ قالغان يىلاننى.

**روزا بىلەن ئىزورا**

ئىنسان ئۈچۈن قورقۇنچلۇق دۈشمەن يوق،
بۇ دۇنيادا نادانلىقتىن يامانراق.

ھېچنەرسىنى كۆرسەتمەيدۇ تۇماندەك.
كور قىلىدۇ بولمانىدىمۇ كۆزلۈك ساق.
ئەقىل نۇرى كۆز ئالدىڭدا قۇياشتەك —
چاقنىسىمۇ كۆرەلمەيسەن ھېچ ئۇنى.
كور بولىدۇ ھەتتا پۈتۈن بىر خەلق،
قاپلاپ كەلسە نادانلىقنىڭ دولقۇنى.
ئەجدىھادەك ئېغىز ئېچىپ تۇرىدۇ،
ئۇ ھەر قاچان تىرىك جاننى يۇتقىلى.
تارىخنىمۇ، تەقدىرنىمۇ يالمايدۇ،
ئۇنىڭ قارا، قورقۇنچلۇق ئۇپقۇنى.
بىر فىلىم بار، ئىسمى — «دېدەك ئىزورا»
بۇ پىكىرنى مەن شۇنىڭدىن بايقىغان.
فىلىمدىكى ئىككى قىزنىڭ ئوبرازى
خىيالىمنى ئىگىلىگەن كۆپ زامان.
ئىككى دېدەك — بىرى قارا، بىرى ئاق،
بىرى سۆيگۈ ۋە ئەركىنى ئىزلەيدۇ.
بىرى بولسا ھەسەت بىلەن ئۆرتىنىپ،
ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقنى كۆزلەيدۇ.
ئاق ۋە گۈزەل، مەلۇماتلىق ئىزورا
ئەمما دېدەك خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە.
روزا بولسا قومۇشلۇقتا، بولىدۇ —
ئېغىر مېھنەت ئازابىدا ئۇ زېدە.
غىلجىڭلايدۇ كۆز ئويىنىتىپ پەيت تاپسا،
تارتماق بولۇپ خوجايىنىنىڭ مەيلىنى.
ئۆزى قارا، قارا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ،
شۇملۇق، سۇيىقەست ئىگىلىگەن پەيلىنى.
خوجايىنغا بولغانىماقچى بولىدۇ،
بەكمۇ ئەرزان قىلىپ ئۆزىنىڭ نەرقىنى.
تەقدىرىنىڭ دۈشمىنى دەپ بىلىدۇ،
ئىزورادىن كۆرگەن ئازراق پەرقىنى.
ئەمما ئۇنىڭ نادان كۆزى كۆرمەيدۇ،
خورلىغۇچى، قۇل قىلغۇچى ئىنسانىنى.
زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ،
قەپىزدىن ئازاد بولغان بىر جاننى ...
ئەمما ئەدىب ئالماشتۇرۇپ چىنىنى،
ئۆز قولىدا ئۆلتۈرۈپتۇ ئۆزىنى.
نادانلىقنىڭ قۇربانى دەپ كۆرسىتىپ،
قۇل خەلقىنىڭ بۇ ھەسەتخور قىزىنى ...

## قارانچۇق

ئەقىل ئىزلەش يولىدىكى ئىنساننىڭ
غەلىبىسىگە دائىم ھەيران بولىمەن.
ئەقىل ئىزى ئۇچراپ تۇرار قەدەمدە،
كۆرۈپ ئۈمىد ۋە ئىلھامغا تولىمەن.
ھاياتى ۋە مېھنىتىدە ئادەملەر
ھامان ئەقىل، چارە - تەدبىر ئىزلەيدۇ.
ئەقىل، سەزگۈ خۇددى تۈگمەن تېشىدەك
ئايلىنىدۇ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەيدۇ.
ئىزلەنسىلا ئەقىل تولا دۇنيادا،
تېپىلىدۇ ھەر نەرسىنىڭ ئامالى.
يەر يۈزىنى ئۆزگەرتىدۇ قايتىدىن،
ئەقىل ئىگىسى — ئادەملەرنىڭ خىيالى.
قوغۇنلۇقلار بولىدىغان مەلىدە،
ئەسلەپ باقسام مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا.
قوغۇنلۇقنىڭ ئىگىلىرى ئۇ چاغدا
بولىدىغان بەكمۇ بىخوت ۋە ساددا.
ساي تېشىدەك چۈشكەن قوغۇن - تاۋۇزنى
دالىلاردا شۇنداق تاشلاپ قوياتتى.
كېچىلىرى ئۇخلار ئىدى ئۆيىدە،
كىملەر قانچە ئوغرىلىدى، تۇيمايتتى.
تۇغۇلۇپ ۋە ئۆسۈپ كەينى - كەينىدىن،
پەيدا بولدۇق مەلىمىزدە توپ بالا.
ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان گۆدەكلەر،
بىر - بىرىدىن چاققان ھەممە شوخ بالا.
بىر توپ بولۇپ قوغۇن پىشقان مەزگىلى،
قوغۇنلارنى ئوغرىلاشنى باشلىدۇق.
توشۇپ كېتىپ تاغار - تاغار قوغۇننى،
يېگەننى يەپ، يېمىگەننى تاشلىدۇق.
ھۆل چۆنەكتە قالدى ئاياغ ئىزىمىز،
ئىگىلىرى تۇيۇپ قالدى ئاخىرى.
ئوغرىلارنىڭ تالانىدىن ساقلاندى،
بىردىن ئىتنى باغلاپ قويۇپ ھەر بىرى.
سادىق ئىتلار ئومۇمىيخور ئېيتقاندەك،
كېچىلىرى تىنماي ھاۋشۇپ تۇراتتى.
زەنجىرىنى شاراقشىتىپ، يۇلقۇنۇپ،
ئاچچىق يۇتۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇراتتى.
بىلمەۋالدۇق ئۇلارنىڭمۇ پەيلىنى،

تاشلاپ بەردۇق ياكى سۆڭەك، ياكى نان.
يەيدىغاننى كۆرۈپ تىندى ئاۋازى،
يەنە قوغۇن ئېلىپ قاچتۇق بىز چاققان.
ئاخىر بولماي، ئىگىلىرى قوغۇننىڭ،
كېچىلىرى بولدى ئۆزى كۆزەتتە.
توختاپ قالدۇق، ئالدىغىلى بولمىدى،
ئويغاق ئىنسان، ئاخىر ئۇ ئىت ئەمەس-تە!
سەگەك بولۇپ قالدى قوغۇن ئەككەنلەر،
كېچە-كۈندۈز ئېتىزلىقتا بولاتتى.
كۈندۈزلىرى ھىدىرلايتتى، كېچىسى —
بىر يەردىلا قاراپ ئۆرە تۇراتتى.
ئويلاپ قالدىم، ئادەم تۈندە ئۇخلايدۇ.
قانداق ئۆرە تۇرالايدۇ ئۇيقۇسىز؟
بۇ بىر گۇمان ھوشيار قىلدى ئەقلىمنى،
خىيالىمدا پەيدا بولۇپ تۇيۇقسىز.
ئادەم تۈندە ئۇخلىمايدۇ دېگەنگە،
ئويلاپ كۆرۈپ ھەرگىز قايىل كەلمىدىم.
ئۇ چاغلاردا، بالىلارنىڭ ئىچىدە،
قورقۇمسىزى، يامانراقى مەن ئىدىم.
بىر كېچىسى جىندەك يۈرۈپ شەپىسىز،
يېقىنلاشتىم قوغۇنلۇقتا دېھقانغا.
بىر تاختىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرغان —
سالۋا تۇماق بىلەن ئۇزۇن چاپانغا.
بېرىپ كۆرسەم، تۇماق بىلەن چاپاننى،
بىر ياغاچقا قويغان ئىكەن كىيگۈزۈپ.
ئادەملەرنىڭ تاپقان يېڭى ئەقلىگە،
ئۇزاققىچە قاراپ تۇردۇم مەن كۈلۈپ.
باشقىلارغا بۇ توغرىلىق تىنمىدىم.
ھەم ئۇقمىدىم ئۇلار بۇنى بىلدى-يوق.
قوغۇنچىلار ئادەمگىلا ئوخشىتىپ،
ياساپ قويغان ئىكەن شۇنداق قارانچۇق.
بارا-بارا قارانچۇقلار كۆپەيدى،
ئېتىزلىقتا، ئۆگزىلەردە، باغلاردا.
گۆدەكلەرنى، قاغىلارنى ئۈركۈتتى،
ئۆرۈك پىشقان، قوناق ئۈزگەن چاغلاردا.
قۇشقاچ كېلىپ قونماس بولدى تېرىققا،
ئۇ ھويلىدا ئادەمگىلا ئوخشىسا.
بۇرۇنقىدەك، شۇڭغۇپ كېلىپ ھاۋادىن،
چۈجىلەرنى ئەپكېتەلمەس بولدى سا...
ماڭا ئەقىل يوللىرىنى ئەسلەتتى،
ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئىشلارنى يادلىماق.
قارانچۇققا مۇھتاج ئىكەن، دېمەككى—
قولغا كەلگەن نەرسىلەرنى ساقلىماق!

## خاتىمە


ئىزلەپ يۈرۈپ كۆپ ئەقىلنى بايقىدىم،
بايقىمىغان ئەقىل تولا يەنىلا.
ئويلاپ قالما ئەي قەدىرلىك كىتابخان،
ئەقىل ئىزلەپ يۈردۇ دەپ مېنىلا.
ئەقىل ئىزلەش يوللىرىدا كۆپ كۆردۈم،
ئۇنى ئىزلەپ يۈرگەن نۇرغۇن ئادەمنى.
ئەقىل ئىزلەپ كائىناتقا چىقىپتۇ،
كېزىپ چەكسىز ۋە قاراڭغۇ ئالەمنى.
بۇ ئەقىلنى ئىزلىمەيلى نېمىشقا؟
ئەقىل ئىزلەش — ھايات يولى ئىزلىمەك.
گۈزەل، نۇرلۇق بولار دۇنيا تېخىمۇ،
تىرىشىپ ئەقىل ئىزلىسەكلا بىز بىردەك!

1991 - يىل مارت، ئۈرۈمچى





# بەدەن ھەرىكىتىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى رولى



ئەنۋەر توختى

ئۇسسۇل — ئادەم بەدىنىنىڭ رىتىملىق، تال-
لاپ ئېلىنغان ۋە قۇراشتۇرۇلغان ھەرىكەتلىرى.
قىياپىتى، مەنىۋى ئىپادىلىرىنى ۋاستە قىلىپ
تۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇئەييەن
زاماندا (ۋاقىت ئىچىدە) ھەرىكەتلىنىپ
تۇرىدىغان ھالەت ۋە مۇئەييەن ماكاندا
(ئورۇندا) كۆرگىلى بولىدىغان ئوبراز بىلەن
ئەكس ئېتىپ، پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ
بېرىدىغان سەنئەتتۇر.

بىرەر ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىشتا تۈرلۈك
مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز، بۇنىڭدا ماتېرىيال
تاللاش، قۇراشتۇرۇش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى
دېگەندەك سەنئەتكە ئائىت مەسىلىلەرمۇ بار،
تۇرمۇشقا دائىر مەسىلىلەرمۇ بار. بەزىلەر ئۇس-
سۇل ھەرىكەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا



قىيىنلىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويسا رەتكە چۈشۈرۈشكە مۇۋاپىق ھەرىكەت تاپالماي قالىدۇ؛ بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى تەييار ھەرىكەتلەرنى ئەپلەپ قويىدۇ ياكى مەشىق قىلغان ۋاقىتتا قوللانغان ئاساسىي ھەرىكەتلەرنى سەپلەپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئىجاد قىلغان ئۇسسۇل تولىمۇ يارىماس بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئاساسەن ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئىجاد قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بار، ئۇنىڭ بىرى - خۇلق - ھەرىكەت، يەنە بىرى - رىتىم، ئۈچىنچىسى - لىرىكا. خۇلق - ھەرىكەت - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىگە باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن ئوبرازدۇر. رىتىم بولسا ئۇسسۇلدىكى ھەرىكەت، قىياپەت ۋە مەنىۋى ھالەتنىڭ ماقام ۋە پەدىگە ئاساسلانغان ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇنداق ئىپادە مۇزىكىدىن خالىي بولالمايدۇ. لىرىكا (ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا مۇڭ) ئۇسسۇلنىڭ شۇنداق بىر ئامىلىكى، بۇ ئامىل ئادەمنى ئىپادىلەش ئاساسى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىپادىلەش قورالى قىلىنغان ھالدا، ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، مۇڭلىرىنى تۆكۈپ بېرىدۇ. زامانى ئاۋۋالدا، ئىنسانلاردا تىل تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بىر چاغلاردا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پىكىر - مەقسەتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى پۇت - قول ئىشارىتى بىلەن ئۇقتۇرغان ئىكەن. مەشھۇر فرانسۇز ئۇسسۇلچى نوۋىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنساننىڭ ھېسسىياتى تىل بىلەن بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇسسۇل مۇڭنى قالتىس كارغا كېلىدۇ. ھەر قانداق ۋاسىتە بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئۇسسۇلدىكى بىرەر قەدەم، بەدەننىڭ بىرەر قىسمىنىڭ ھەرىكىتى، بىرەر خۇلق بىلەن تولۇق ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇقتۇرماقچى بولغان ھېسسىيات قانچىكى كۈچلۈك بولسا، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش شۇنچە قىيىن. ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ۋارقىرىماق دېمەك، بەزىدە ۋارقىراشنىڭ ئۆزىمۇ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋارقىراشنىڭ ئورنىنى ھەرىكەت - ئىشارەت ئالىدۇ.» دېمەك، ئۇسسۇلنىڭ ئالاھىدە ۋاسىتىسى بولغان بەدەن ھەرىكىتى سەنئەتتە تىلدىنمۇ ئېنىق - روشەن بايان قىلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. لېكىن بۇ ئىقتىدار ئادەم بەدىنىنىڭ يەنى ئۇسسۇلدىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنىڭ، مەسىلەن ئۇسسۇلدىكى ئايرىم ھەرىكەتلەرنىڭ، ھەرىكەتلەر قۇراشتۇرۇلمىسىنىڭ، تەقلىد، ئىشارەت، خۇلق، چىراي ۋە ھاكازالارنىڭ ياردىمى بىلەن كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كونكرېت ئىپادىلەش ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش جەريانىدا قوللىنىلىدىغان ئۇسسۇل - چارە ھەر خىل بولغاچقا، ئۇسسۇلدىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇ يەردىكى ھەممىدىن مۇھىم ئامىل - ھەرىكەت، يەنى خۇلق. ئۇسسۇلدىكى ھەرىكەت يەنى خۇلق - ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى، مەزمۇنىنى، پېرسوناژنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان، سەھنىدىكى مەيدانغا چۈشكەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھەرپ، سۆزدىن ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان گەپتىن، ئوبراز يارىتىپ بېرىدىغان ئاساسىي ئامىلدىن ئىبارەت. ئۇسسۇلدىكى ھەرىكەتلەرنى يەنى خۇلقنى قانداق ئىجاد قىلىش، ئۇلاردىن قانداق

پايدىلىنىش، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى - رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۇسسۇلنىڭ سانائىي (سەنئەت جەھەتتىكى) ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇسسۇلدا ھەرىكەتسىز يەنى خۇلقسىز شەكىلنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئىپادىلەش ئۇسسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇسسۇل بىلەن غەيرىي ئۇسسۇلنىڭ پەرقىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەل بويىچە ۋە ياكى قەدىمكى، ھازىرقى يۈكسەك ئۇسسۇل ئەسىرى بولسۇن، ئۇلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، مەزمۇنىنى، تۈزۈلمىسىنى ۋە مۇزىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا. ئۇلارنىڭ يۈكسەكلىكى ھەرىكەت - خۇلق جەھەتتىكى يېڭىلىقىدىن، ئايرىم ئۇسكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن، مۇئەييەن مۇھىتتىكى بىرەر ئالاھىدە ئوبرازنى چىنلىق بىلەن يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىرەر ئەسەرنى يارىتىش يولىدا ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولسۇن، ئەگەر ھەرىكىتى يەنى خۇلقى قاملاشمىسا، ھەرىكىتى ھېسسىياتقا ماسلاشمىسا، ئۇ ئەسەر پەيزىلىك چىقمايدۇ، سەھنە دېكراتسىيىسىگە ھەر قانچە كۆپ دەسمايە سالسىڭىزمۇ بىكار بولۇپ چىقىدۇ. ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىدا، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆمۈر سۈرەلىشى - سۈرەلمەسلىكىدە ھەرىكەت يەنى خۇلق ھەل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار خەلق. داپ - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، نەغمە - ناۋانى چاڭ كەلتۈرۈپ، بىر ئوڭغا ئۆرگىلىپ، بىر سولغا چۆرگىلەپ، تەبەسسۇم بىلەن خۇلق قىلىپ، ئاتلاپ - كۆكلەپ، چېكىنىپ دەسسەپ، ئېگىلىپ - قايرىلىپ ئوينىغان شوخ ئۇسسۇللارنى كۆرگەن ئادەم ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىن زوقلانماي قالمايدۇ. «دۇڭخۇاڭ مەئبۇدى» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدا ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇل پەدىلىرى ئاساس قىلىنىپ، دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىكى رەڭلىك رەسىملەر - ھەيكەللەرنىڭ سىما - قىياپەتلىرى قوبۇل قىلىنىپ، كۈسەن (قەدىمكى كۇچا) ئۇسسۇللىرىدىكى ھەرىكەت - خۇلق سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا جىمجىت تىك تۇرغان بېزەكلىك بىر قەددى - قامەت ئاستا - ئاستا جانلىنىپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. لەرزان ھەرىكەتتىن شوخ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ پىرقىرايدۇ، سەكرەيدۇ. ھەر بىر جىمجىتلىق، ھەر بىر ھەرىكەت، قولنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئاياغنىڭ ئالدى - ئارقا يۆتكىلىشى پەرىنىڭ ناتىۋانلىقىنى، ئەۋرىشىملىكىنى ۋە شوخ - جۇشقۇنلۇقىنى نازۇك ئىپادىلەپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

بۇلاردىن مەلۇمكى، ھەر تۈرلۈك شەكىللىك سەنئەتتە ئوبرازنى ئوبدان جايلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا يوللىرى ۋە ئۇسۇل - چارىلىرى بولىدۇ. ئۆزىگە خاس شەكلى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرىكەت يەنى خۇلقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۇسسۇل سەنئىتىدە تۈرلۈك-تۈمەن خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بەدەن ھەرىكىتىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى، ئىچكى دۇنيايىمىز پائالىيەتلىرىنى جانلىق ئوبراز بىلەن بايان قىلىپ بەرمەكچى ئىكەنمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت يەنى خۇلق سەنئىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر يەنى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىكىنىڭ ئەھدىسىدىن ئوبدان چىقالايدۇ.

## 1. ھەرىكەت توغرىسىدا

ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھەرىكەتچان ھالەتلىرى -

ئولتۇرۇش - قوپۇش، مېڭىش، ئەمگەك قىلىش، ئوقۇش - ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋەھاكازالارنى كۆرىمىز. جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئىپادىلىنىش ھالەتلىرىنى «ھەرىكەت» يەنى خۇلق دەپ ئاتايمىز.

ھەر خىل ئادەمنىڭ ئادەتلەنگەن ھەرىكىتى ھەر خىل بولىدۇ؛ تۈرلۈك ئەمگەك، تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇ، تۈرلۈك تىرىكچىلىك ۋەھاكازالارنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرىكەت ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادە شەكلى يەنى ئىپادىلىنىش ھالىتى بولغىنى ھالدا خۇددى ئېغىزدىن چىقىدىغان تىل (سۆز)گە ئوخشايدۇ. ئېغىز تىلى ئېغىزدىن ئاۋاز (ئاۋۇش) بولۇپ چىقىدۇ، ھەرىكەت تىلى بولسا شەكىل ھالىتىدە نامايان بولىدۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى، پىكىر - خىيالىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، مىجەز - خۇسۇسىيىتىنى ھەرىكەت تىلى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. تۇرمۇشتىكى ھەرىكەت ھالەتلىرىنى چۈشىنىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئاساسىي ماتېرىيال قىلىۋېلىش - بۇ ھەرىكەت سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىجادكارلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەرىكەت ھالەتلىرى تۈرلۈك - تۈمەن خىل بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئاساسلىق مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە جەملەش مۇمكىن:

(1) تۇرمۇش ھەرىكەتلىرى

ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشتا ئادەتلەنگەن ھەرىكەتلىرى بولىدۇ، ئادەتتە يول يۈرگەندە، نەدەم ئېلىش ھالەتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ قەدىمى چوڭ، بەزىلەرنىڭ تېز بولىدۇ، بەزىلەر ئايىغىنى سۆرەپ ماڭىدۇ، بەزىلەر قەدىمىنى چاققان - ئەپچىل باسىدۇ؛ ھەتتا بىر ئادەمنىڭ قەدەم بېسىش ھالەتلىرىمۇ روھىي كەيپىياتىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ: كەيپى چاغ - خۇشال چاغلىرىدا ئۇچقاندەك تېز ھەم يېنىك قەدەم تاشلاپ ماڭسا، ھارغان - تالغان چاغلىرىدا ئايىغى گويا تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرى خاراكتېرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا مۇۋاپىق پەرقلىق بولىدۇ: جىمغۇر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى مەزمۇت، سالماقلىق بولسا، يەڭگىل ئادەمنىڭ ھەرىكىتى چاققان - ئەپچىل بولىدۇ، توك - قوپال ئادەمنىڭ ھەرىكىتى پالاكەت بولىدۇ. ئادەملەردە كەسىپ مۇناسىۋىتى بىلەن ئادەت قىلغان ھەرىكەت ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ: چارۋىچى بىلەن دېھقاننىڭ، ئىلىم ئەھلى بىلەن ئەسكەرنىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرى ئوخشاشمايدۇ. ھەتتا ئوخشاش بىر ئىشچى بولسىمۇ، كان ئىشچىسى بىلەن توقۇمىچى ئىشچىنىڭ ھەرىكەتلىرى يىرىكلىكى، ئىنچىكىلىكى، ئاستا ياكى تېزلىكى، قوپال ياكى نازۇكلۇقى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيە مۇھىتىغا قاراپمۇ پەرقلىق بولىدۇ، بۇنداق پەرقلەر ئۆزىگە خاس جۇغراپىيە مۇھىت، تەبىئىي شارائىت ۋە تارىخىي جەريان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ: تاغدا ياشايدىغان خەلقلەر گەۋدىي، بىغەم، مەردانە، تۈز، كەسكىن كېلىدۇ، ئۆلكىدە ياشايدىغان خەلقلەر ئېغىر - بېسىق، تەمكىن، سالاپەتلىك، خىيالچان، سۈلكەتچان كېلىدۇ. قېرىلار ھەرىكەتتە ئاستا، باللار تېز بولىدۇ؛ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ھەرىكەتتە چوڭ سۈپەت بولسا، شەھەرلىكلەر ياسانچۇق كېلىدۇ؛ يىگىتلەر قەيسەر، قىزلار نازۇك كېلىدۇ. - ئومۇمەن ئالغاندا يا ئۇنداق، يا بۇنداق پەرق قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلق ھالەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىش ۋە ئوبدان تاللاپ ئۆزلەشتۈرۈش - سانائىي تىپ ياراتقۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈر ۋەزىپىدۇر.

### (2) ئەمگەك ھەرىكەتلىرى

ئەمگەك ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر پائالىيەتتۇر. ئادەملەر تۈرلۈك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدە ئەمگەك ھالەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنىڭ تولىسىدا ئەمگەكتىن ئېلىنغان مەزمۇنلارنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمگەكنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەش جەريانى زۆرۈر خام ماتېرىيال توپلاش جەريانىدۇر. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، خۇشاللىقنى ياكى خاپىلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر مۇنچە ھەرىكەت - خۇلقلار ئەمگەك ھەرىكەتلىرىدىن تاللىۋېلىنغان ياكى شۇ ئاساستا ئۆزگەرتىلگەن.

### (3) ھېسسىيات ھەرىكەتلىرى

ھېسسىيات — ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنيا پائالىيىتىدۇر. ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يەنى روھىي دۇنياسىدا بىرەر پائالىيەت يۈز بەرسە، ئۇ پائالىيەت تېشىغا تەپچەي، شەكىلدە زاھىر بولماي قالمايدۇ. مەسىلەن: ئادەم ئاچچىقى ئۆرلىگەندە كۆزىنى ئالايتىدۇ، بويىنىنى غادايتىدۇ، قولىنى بېلىگە قىرەلەيدۇ، يەرنى تېپىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، بىسەرەمجان بولۇپ بىر ئۇيان - بىر بۇيان ماڭىدۇ، ھەتتا مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگىدۇ؛ مەيۈسلەنگەندە، كۆپ ھاللاردا، بېشىنى ساڭگىلىتىدۇ، كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ، ئىچ - ئىچىدىن بوقۇلدايدۇ؛ خۇشال بولغاندا ۋاھ - ھالاپ كۈلىدۇ، ھەتتا ئېلىقىدۇ؛ خىيالغا چۆمگەندە خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ؛ خىجىل بولغاندا قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالىدۇ ياكى يەرگە قارىۋالىدۇ؛ جەھلى تۇتقاندا كۆكسىنى كېرىپ، بويىنىنى غادايتىدۇ؛ چۆچۈگەندە يۈرىكىنى تۇتۇۋالىدۇ؛ توڭلىغاندا دۈگدىيىۋالىدۇ، ئىسسىپ كەتكەندە كۆكرىكىنى ئېچىۋېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھېسسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ھالىتى كونكرېت ئادەمگە، ئىشقا، ۋاقىتقا قاراپ ئالاھىدە پەرقلىق بولىدۇ. مۇشۇنداق پەرقلىق ھەرىكەتلەر ئۇسسۇلدا ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ تولىمۇ ياخشى خام ئەشياسى.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ھالەتتىن تاشقىرى يەنە جىم ھالەت يەنى قىياپەتمۇ بار: ھەرىكەتنىڭ ماكان ۋە زامان ئېتىبارى بىلەن چوڭ - كىچىك، ئېگىز - پەس، ئالدى - ئارقا، يۇقىرى - تۆۋەن، ئېغىر - يېنىك، تېز - ئاستا دېگەندەك پەرقلىرى بولىدۇ، ھەرىكەتنىڭ مۇشۇنداق ھالەتلىرى ئۆزگەرسە شۇ ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزگىرىدۇ. دېمەك ھەرىكەت بەلگىلىك قانۇن ۋە يول بويىچە روي بېرىدۇ، بۇ قانۇنىيەتنى ھەرىكەت قانۇنىيىتى دەپ ئاتىساق، ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى قىياپەت دەپ ئاتايمىز. ھەرىكەتنىڭ ئەنە شۇ ئىككى ئامىلىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندە، ئاندىن ھەرىكەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن ھەققىي پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

سەنئەت تۇرمۇشتىن پەيدا بولىدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىنساننى پەرۋىش قىلىدىغان تەبىئەت، ھايۋانات، نابادات (ئۆسۈملۈك) ۋە ئالەم بىلەن ئورگانىك باغلانغان بولىدۇ، بۇ مەزمۇنلار ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپ، ئادەم ئىجاد قىلغان سەنئەتتە نامايان بولۇشى مۇقەررەر.

ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ ھەتتا تەبىئەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، كۆرۈنۈش - قىياپەتلىرىنى، ئىچكى ھالەتلىرىنى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تىل بىلەن ئەمەس، جانلىق قىياپەت ھەرىكەتلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن، بۇ ئىمكانىيەت دەل مانا مۇشۇ ئۇسسۇل سەنئىتىگىلا خاستۇر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەر، ھالەتلەر

ئادەمدە خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلارنى، ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى، ھېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ ھەتتا ئىلھام بېرىدۇ. بۈركۈتنىڭ قەھرىمانلىقىنى، توزنىڭ گۈزەللىكىنى، مايمۇننىڭ چاققانلىقى، ئاققۇنىڭ ياۋاشلىقى، دېڭىزنىڭ مەۋجى ۋە بۇلۇتنىڭ ئېقىشىنى، تۈرلۈك گۈزەل مەنزىرىلەر ۋە ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان قىلىق - ھالەتلەرنى ئۇسسۇل تەركىبىدىكى ھەرىكەتلەرگە، قىياپەتلەرگە قوبۇل قىلىش مۇمكىن.

ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى سانائىي ھەرىكەت بولۇپ، پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، ئۆزگىرىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىدۇ، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسسۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت بولۇپ، ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئۇسسۇل ئويناش يولى بىلەن ئىزھار قىلغان. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كەسپىي ئۇسسۇلچىلار پەيدا بولغان، شۇنداق قىلىپ، باشقىلارغا ئويناپ بېرىدىغان خاراكتېردىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. - بۇ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىدىكى چوڭ بۇرۇلۇشتۇر.

ئۇسسۇلنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى - ئىنساننىڭ ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەر ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق توپلىنىپ، ئۆزگىرىپ، تولۇقلىنىپ بارغان. يەنى بىرى - ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ھەرىكەتلىرىنىڭ تاللانمىسى بولۇپ، دەسلەپكى بايان ھەرىكەتلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئۆزگىرىپ بارغان. ئۈچىنچى بىرى - ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ تاللانمىسى بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگەنگەن، مەشق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي قورال ۋە چامباشچىلىق كېلىپ چىققان؛ بۇلار كېيىنكى چاغلاردا ئۇسسۇلغا قوبۇل قىلىنىپ، ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئايلانغان. تۆتىنچى مەنبەسى - جانلىقلارنىڭ تەبىئىي ھالەتلىرىنى دوراش. بەشىنچى مەنبەسى - تۈرلۈك مىللەت، خەلقلەرنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن ئۆلگە ئېلىش.

## 2. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

ئىنساننىڭ بەدىنى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىجاد قىلىشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بەدىنىنىڭ تۈزۈلمىسىدىن خالىي ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى بەدەن ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئىنسان بەدىنىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى قانچىكى ئەركىن - ئازادە بولسا، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى شۇنچە تولۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىنى ئوبدان چۈشىنىش ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى لايىھەلەشتە مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىنسان بەدىنىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلمىسى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇستىخان ۋە بېغىش، مۇسكۇل، نېرۋا.

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتۈن ئەزالىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە سۆڭەك بار، بۇ سۆڭەكلەر ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ، بېغىشلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇتىشىپ، جانلىق ئېگىلىپ، ئۈزىراپ تۇرىدۇ. بۇ ھالەتمۇ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى تۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسان

ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بويلىرىدىن ۋە بېغىشلىرىنىڭ جانلىقلىقىدىن، مۇسكۇللىرىنىڭ ئەۋرىشىملىكىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ھەرىكەت، قىياپەت ۋە خۇلق ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ ھاسىلات سۆڭەك بىلەن بېغىشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولغان قىياپەت ۋە شەكىللەرنىڭ ماھىرانە كۆچۈرمىسىدۇر.

باشنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇش، تۆۋەن سىلىش ياكى كۆتۈرۈش، بويۇننى سوزۇش ياكى ئىچىگە تىقىش، يەلكىنى كۆتۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش، بىلەكنى كېرىش ياكى يىغىش، بارماقلارنى ۋە بېغىشلارنى تۈرلۈك شەكىلدە ئۆزگەرتىش، بەل - ئومۇرتقىسىنى ئەۋرىشىم ھالەتكە كەلتۈرۈش، تېقىم، يوتا ۋە پاقالچاقنى تۈرلۈكچە قىياپەتتە ئۆزگەرتىش، ئومۇمەن بارلىق ئەزانىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرىنى ھەر خىل قىياپەت ۋە شەكىلدە ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش، يەنى مۇئەييەن ماقامغا ۋە پەددىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاجايىپ مەنزۇر ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ھەرىكەت - خۇلق سەنئىتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاساسلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەندە، بەزى مۇكەممەل ۋە قۇسۇرسىز تەسەۋۋۇرلارمۇ بەدەن تۈزۈلمىسىنىڭ رولىدىن چەتنەپ كېتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى يارامسىز، ياسىما بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئادەم بەدىنىدىكى مۇسكۇل (ئەت) بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئۈستىدىن چىرايلىق ياساندۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقا، ئاساسەن ئۆزىنىڭ يىغىلىش ۋە بوشىشىش ئىقتىدارى بىلەن تۈرلۈك قىيىن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ. مۇسكۇل ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى بولغىنى ھالدا ھەممە ئەزانىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا، ھەرىكەتتىن توختىشىغا تىزگىن بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، ئەزالارنى ھەر خىل ئۇسسۇلغا سالىدۇ. دېمەك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىقتىدارى مۇسكۇلنىڭ مەشق سۈپىتىگە باغلىق؛ ئۇنىڭ ئىقتىدارى قانچىكى زور، قانچىكى ئەتراپلىق بولسا، ئەزالارنى شۇنچە ئوبدان ئىشقا سالغىلى بولىدۇ.

سۆڭەكنىڭ ئۆزى ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي مۇسكۇلنىڭ قۇۋۋىتىگە سۈيۈنىدۇ. مۇسكۇلنىڭ ئۆزىمۇ ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ئۇمۇ مۇسكۇلدىكى نېرۋىغا سۈيۈنىدۇ. نېرۋا مېڭىنىڭ تاپشۇرۇق ۋە بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ، ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ھەرىكەت - خۇلق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلايدىغان ئادەم مۇسكۇل نېرۋىلىرىنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. پۈتۈن بەدەننىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ سېزىمى، ھەرىكەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، تېز - ئاستىلىقى، قاتتىق - ئەۋرىشىملىكى، يولى - نىشانى ۋە ھەرىكەت تېپى... ئېنىق ھەم دەل بولۇشى، خاتا - سەۋەنلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتەلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، نېرۋا ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەپ، ئۇنى شەكىللىك ھەرىكەتلەر بىلەن نامايان قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېزىمنىڭ ئۆتكۈر بولۇش - بولماسلىقى ئادەتتە ئارتىسنىڭ ياخشى - يامانلىقىنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلمىسى تۆت خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ: بىرى - ھېسسىيات بولۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچكى ئامىلى، بىرى - ھەرىكەتنىڭ قىياپىتى، يەنە بىرى - ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشى، بۇلار ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ تاشقى ئامىلىدۇر؛ تۆتىنچىسى - رېتىم يەنى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇلاققا ئاڭلىنىش ئامىلىدۇر.

ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى مۇئەييەن پېرسوناژ ۋە مۇئەييەن پىكىرگە تەئەللۇق ھېسسىياتنىڭ روي بېرىشى بويىچە قۇراشتۇرۇلىدۇ. پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ جېنىدۇر. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ قىياپەتلىرى پۈتۈن ئۇسسۇل ھەرىكىتى جەريانىدا دەل جايىدا - توغرا بولۇپ، پېرسوژنانىڭ ھېسسىياتىنى ئەينەن بايان قىلىپ بېرەلىشى لازىم.

مۇزىكا مۇئەييەن پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتىنى، ئوي - پىكىرىنى دەل مۇناسىپ مۇزىكا ئوبرازى بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى رىتىملاشتۇرۇپ – پەدىگە چۈشۈرۈپ، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىپ كۆرۈش، ئاڭلاش ئامىللىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر - بىرىگە جور بولۇپ، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش قۇۋۋىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

## 3. ئادەم ئەزالىرىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتى توغرىسىدا

بەدەن ئۇسسۇلنى ئىپادىلەش قورالىدۇر. بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى، قىياپىتىنى ۋە ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ ئۇلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يېڭى - يېڭى ئۇسسۇل ئوبرازلىرىنى يارىتىش ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ بۇرچى.

ئۇسسۇلدا ھەرىكەت يەنى خۇلق ئىككى نەرسە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: بىرى-چىراي يەنى يۈز، يەنە بىرى-تەن يەنى بەدەن. پېرسوناژنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى چىرايى ۋە بەدىنى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كەسكىن ۋە جىددىي ھەرىكەتلەردە ھېسسىيات ئاساسەن بەدەن قىياپىتى بىلەن ئىپادىلەنسە، نىسبىي تۇرغۇن ھەرىكەتلەردە ئاساسەن چىراي بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

باش – مېڭە ۋە بەش ئەزا مەركەزلەشكەن جاي، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە پىكىر - خىيال ۋە ھېس - تۇيغۇنىڭ ئىپادە ئالامەتلىرى كۆپ بولىدۇ. كۆز باشنىڭ تەقى - تۇرقىنى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ بېرىدۇ. باشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى خىيال قىلىش، نەزەر سېلىش، قەھرىگە كېلىش، مەردانىلىق ۋەھاكازالارنى ئىپادىلەپ بەرسە، تۆۋەن قىلىنىشى مەيۈسلۈكنى، غەم - قايغۇنى ئىپادىلەيدۇ؛ باشنىڭ ساڭگىلىشى ھالسىرىغانلىقنى، ئۈمىدسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ؛ باشنىڭ سىڭايان بولۇشى خىجالەتچىلىكنى، رەت قىلىشنى، ياراتماسلىقنى ئىپادىلىسە، قاتتىق تولغىنىشى قارشىلىقنى، غەزىپىنى ئىپادىلەيدۇ؛ باشنىڭ يانغا ئاستا چايقىلىشى مەمنۇنلۇقنى، تېز چايقىلىشى ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرسە، ئاسمانغا قاراپ چايقىلىشى دەرد - ئەلەمنى ئىپادىلەيدۇ.

بويۇن– ئىنساننىڭ بۇ ئەزاسى باشنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. بويۇننى سوزۇش بىلەن سىنچىلاپ قاراش، تەلپۈنۈش، مېھىر قويۇش، سۆيۈنۈش ياكى نارازىلىق ھالەتلىرىنى ئىپادىلەش مۇمكىن؛ بويۇننى تۈگۈش بىلەن توڭلاش. قورقۇش، سەتلىشىش ھالەتلىرىنى ئىپادىلەش مۇمكىن؛ بويۇننى تولغاش قارشىلىقنىڭ ئالامىتى بولسا، بويۇننى قاتۇرۇش ياكى غادايتىش جەھلى قاتقانلىقنىڭ، غەزەپكە كەلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

كۆكرەك– ئىنسان ۋۇجۇدى بويىچە ئىپادىلەش ئىقتىدارى مول ئەزا. كۆكرەك يۈرەك جايلاشقان ئورۇن بولۇپ، ھېس - تۇيغۇ يۈرەكتىن چىقىدۇ. يۈرەكتىن چىقىدىغان نۇرغۇن ھېسسىيات–خۇشاللىق، خاپىلىق، شادلىق، مەيۈسلۈك، ئارزۇ، ئۈمىدسىزلىك، سۆيۈنۈش،كۆيۈنۈش ۋەھاكازالار كۆكرەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىنكى، ئۇ ھەتتا ئىنساننىڭ پۇت، قول، باش، كۆز، قاش، ئېغىز ۋە ھەتتا بەللىرىنىمۇ خۇددى

ئۆزگەن بىلەن باشقۇرغاندەك ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. كۆكرەكنىڭ كېرىلىشى بىلەن ئادەمنىڭ غەمسىزلىكى كۈچەيسە، ئىچىگە تارتىلىشى بىلەن ئاغرىقنى، دەرد-ھەسرەتنى، ئاھ - نادامەتنى، قورقۇش - ئەندىشىنى، تەلەپ ۋە ئىلتىجانى ۋەھاكازا ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مۇمكىن.

بەل - ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە كۆكرەك بىلەن تولىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەلنى ئېگىش، تولغاش، قايرىش بىلەن ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ياكى ئاستىلىتىش بىلەن خىلمۇ خىل روھىي ھالەت ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مۇمكىن.

قول-بىلەك - ئۇسسۇل سەنئىتىدە تېخىمۇ مول ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىپادىلەش قۇۋۋىتى ئارتۇق، قول-بىلەكنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى كەڭ. بىلەكنىڭ ۋە ئۇنىڭ بېغىش - بوغۇملىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى چاققانلىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى ئۇسسۇلدا تۈرلۈك چىرايلىق ئىما - ئىشارەتلەرنى، قىلىق ۋە خۇلقلارنى جارى قىلىپ، تۈرلۈك پىكىر - خىيال ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. قولنىڭ - بىلەكنىڭ بوشلۇقتىكى ھەرىكەتلىرى، مەسىلەن، غۇلاچ يېيىش، ئىتتىرىش، بېسىش، ئايلاندۇرۇش، يۆگەش، چايقاش، قامالاش، كۆتۈرۈش، مۇجۇش، تۈگۈش، قويۇۋېتىش، ساڭگىلىتىش، سىلكىش باشقا ھەرىكەتلەر تۈرلۈك مەنە ۋە ھېسسىياتلاردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ.

تېقىم-ئايرىم خاراكتېرلىك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدە ئايرىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تېقىم ھەرىكىتى شەرم - ھاياسىز، نازكەرەشمە ھالەتلىرىنى ئىپادىلەشكىمۇ خىزمەت قىلالايدۇ؛ قەددى - قامەتنى، بەدەن ئىسكەتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكىمۇ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەزادىن توغرا پايدىلىنىش ئۇسسۇل مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پۇت - ئىنساننىڭ تەن تۈزۈلۈشىدە خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ بويى ئۇزۇن، ھەجمى چوڭ، ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئىپادىلەش قۇۋۋىتى مول. ئاياغنىڭ تاشلىنىشى قەدەملىرى خىيالغا، سېغىنىشقا، خۇشاللىققا، خاپىلىققا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي ھالەتلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. تۇيدۇرماسلىققا تىرىشقان ئادەم پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاستا دەسسەپ ماڭسا، نارازىلىق بىلەن ئارسىنىپ ماڭغان ئادەم ئاياغلىرىنى سۆرەپ ماڭىدۇ؛ ئالدىرىغان ئادەم ھاللاسلاپ ماڭسا، تېتىك ئادەم ئايىغىنى چاققان ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئىنساننىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مەسىلەن، ئالدىراشلىق، پەرۋاسىزلىق، خۇشاللىق، خاپىلىق، شادلىق، مەيۈسلۈك، خىيالچانلىق، مەستلىك، قىزىقچىلىق، غەرەز ياكى بىغەرەزلىك ۋەھاكازالارنى پۇت ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. ئۇسسۇل مۇئەييەن ئورۇننى ئىزچىل ئۆزگەرتىپ، مۇئەييەن ماكاندا مۇئەييەن ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىدىغان ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى پۇتنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشچان پۇت ھەرىكەتلىرى ئۇسسۇلنى پەدىگە چۈشۈرۈپ بېرىدىغان، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. پۇت كۆپ ئۈگە (بېغىش)لىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقىمۇ كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئېلىمىزدە بولسۇن ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، ئۇسسۇل مەشىقىدە پۇتقا قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى چىڭ بولىدۇ. چۈنكى ياخشى تەربىيە بىلەن ئوبدان مەشىق قىلىنغاندىلا بوشاڭ پۇتنى قاتتىق ھالەتكە، تاياقتەك قاتتىق پۇتنى يۇمشاق - ئەۋرىشىم ھالەتكە كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك روھىي ھالەتنى بېشارەت بەرگىلى بولىدۇ.

ھەر بىر ئەزانىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىشى بىلەن ئېشىپ بارىدۇ. ھەر بىر ئەزانىڭ، ھەر بىر ئۇگە - بېغىشىنىڭ رولىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ چوڭقۇر بىلىش ۋە ئۇلاردىن قانداق قىلىپ يەنىمۇ ئوبدان پايدىلىنىش جەھەتتىكى تەتقىقاتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەزالار ئۆز ئارا ماسلاشقان - بىرلىككەن ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆز ئالدىغىمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك ھالەت ۋە قىياپەت بىلەن تۈرلۈك نازۇك سىرلارنى - روھىي ھالەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەزا ھەرىكىتىنىڭ ھالەت ۋە قىياپەتلىرىنى ئوبدان چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرساق، ئەنە شۇ ھالدا روھىي دۇنيانى، يۈرەكتىن چىققان ھېس - تۇيغۇلارنى تولىمۇ چىرايلىق، پەيزىلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

## 4. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تاللاش توغرىسىدا

ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكەتلىرى تۇرمۇشتىن چىقىدۇ، لېكىن تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتلەرنى سەھنىدە ئەينەن دوراشنىڭ ئۆزى ئۇسسۇل ھەرىكىتى بولالمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتلەر ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىجاد قىلىشقا ئاساس بولىدىغان خام ئەشيادىنلا ئىبارەت. شۇ خام ئەشيالارنى سەنئەت ئېتىبارى بىلەن تاللاش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئايلاندۇرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھاياتتىكى ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ قىياپەتلىرىگە، ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىگە ۋە خۇلق مىجەزلىرىگە دىققەت قىلىپ، ھاياتتىكى شەكلەن ئالامەتلەرنىڭ ھېسسىيات ۋە باشقا ئامىللار بىلەن بولغان پەرقلىرىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق زاھىرى ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئالەمدە ئادىمىزات، ھايۋانات، نابادات (ئۆسۈملۈك) ھەتتا كائىناتتىكى بۇلۇت، يۇلتۇز، ئاي، شامال، تۇتۇن، ئوت، سۇ ۋەھاكازا مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالىتى بار. لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتال، تىك قادىلىپ تۇرغان قارىغاي، قاناتلىرىنى قېقىپ كېلىۋاتقان ئۇچار قۇش، پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈل..... بۇلارنىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئىنسانلار بىر - بىرىدىن شۇنداق پەرق قىلىدۇكى، ئۇلار ياش - قۇرامى، كەسپى، ئىجتىمائىي ئورنى، مىجەز - خۇلقى، ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقادى، مىللىتى، تىلى، رەڭگى - روھى، قەددى - قامىتى ھەتتا مېڭىش - تۇرۇشى، كىيىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن تولىمۇ پەرق قىلىدۇ؛ يەنە تېخى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىي مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؛ دەۋر، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋەھاكازالاردىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ شەيئىلەرنىڭ پەرقىغە دىققەت قىلىشىمىزنى، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ھالەتلىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئاساسىي خام ئەشيا قىلىشىمىزنى زۆرۈر تاپىدۇ. مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتلەرنى ئورۇندىغاندىلا ئۇسسۇل تىللىرىنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈپ قېلىشىدىن، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ بىپەيزى بولۇپ چىقىشىدىن خالىي بولۇپ، ئۇسسۇلنى يېڭى تۈسكە، سانائىي نەپىسلىككە، جانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىن.

ئۇسسۇلنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇسسۇل مەزمۇننى شەكىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئىچكى دۇنيادىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ پىكىر - خىيال، ھېس - تۇيغۇنى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق بايان ۋە ئىپادىنى كۆل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتتە يېڭىلىق يارىتىپ تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

مەسىلەن، ئادەمنىڭ ئىچى تىتىلداپ، دېمى سىقىلىپ، يۈرىكى ئىچىگە پاتماي تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ساندۇقتەك بىر نەرسىگە قامىلىپ قالغىنىغا، ئۇ يەردە دىمىقتا بولۇپ تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتقىنىغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، زاھىرىي (جىسمانىي) تۇيغۇنى باتىنىي (ئىچكى-مەنىۋى) كەيپىياتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «تىل» غا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. ھايۋاناتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەكس ئەتكەن ھەرىكەت ھالەتلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ھەرىكىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى بېيىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، يىلاننىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى تولغىنىشىدىن ئىنساننىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى، تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشتا پايدىلىنىش مۇمكىن. ئادەمنىڭ قاتتىق بىئارام بولۇۋاتقان ھالىتىنى «يىلاندەك تولغاندى» دېگەن ئوبرازلىق تەسۋىر ئاساسسىز تەمسىل ئەمەس. ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى تۈرلۈك جىسمانىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى جانلىق ھەرىكەت ھالەتلىرىدىن تاللىۋېلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. تۇرمۇش خەزىنىلىرىدىن چىرايلىق ئۇسسۇل جەۋھەرلىرىنى تاللىۋېلىشى لازىم. تاللاشتا مۇنداق بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن: بىرىنچى، تۇرمۇشتا زاھىر بولۇپ تۇرىدىغان ھەرىكەت ئامىللىرىنى كېڭەيتىپ، چوڭايتىپ، ھېسسىيات ئالامەتلىرىنى ئۇسسۇل ئالامەتلىرىگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن؛ ئىككىنچى، تۇرمۇشتىكى تىپىك ھەرىكەتلەرنى قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ، گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ، رەتكە - پەدىگە چۈشۈرۈش مۇمكىن. ئۈچىنچى، ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ نىسبىي تۇرغۇن ھالىتى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان ھالىتىنى ئۇسسۇل ئامىللىرى بىلەن سەنئەت ئاساسىدا بېزەش مۇمكىن؛ تۆتىنچى، رىتىملاشتۇرۇپ، مۇزىكا پەدىسىگە چۈشۈرۈش مۇمكىن؛ بەشىنچى، تۇرمۇش ھالەتلىرىنى خەلق ئىچىدىكى ئۇسسۇل ئامىللىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، مىللىي ۋە مەھەللىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى يارىتىش مۇمكىن.

ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى، خۇلقىنى مۇئەييەن پېرسوناژغا ۋە بايان قىلماقچى بولغان پىكىر - ھېسسىياتقا قاراپ لايىھەلەپ، ھەرىكەتلەرنى «يەنە كۆرسەم يەنە شۇ»، «ئاتام ئېيتقان بايىتقى» دېگەندەك خۇسۇسىيەتسىز دورامچىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. تاللانغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى راۋان، بىر - بىرىگە ماس، روشەن، مۇزىكىدار، چاققان بولۇشى لازىم؛ شەكىل - ئوبراز ۋە ھېسسىيات جەھەتتىلا قاملاشقان بولۇپ قالماستىن، كىشىلەرگە بىر خىل گۈزەللىك ھوزۇرى بېغىشلىيالايدىغان بولۇشى لازىم.

## 5. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇبلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرى تۈرلۈك ئەزالىرىنىڭ قىياپىتى ۋە ھەرىكەت ماقاملىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، قوبۇل قىلىشىمىزغا ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، ئالايلى، موڭغۇل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى

ئۇسسۇلدا يەلكىسىنى ۋە بېلەكلىرىنى ئوينىتىش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ، بۇ مەردانە ھەرىكەتلەر جەسۇرلۇقنى ۋە خۇشاللىقنى ئىپادىلىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى كۆپىنچە لەرزان ۋە ئەۋرىشىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەدەم تاشلاش، غۇلاچ كېرىپ ئويناش ھەرىكەتلىرى مۇلايىم، ئوماق قىزلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. يى خەلقىنىڭ ئۇسسۇلىدا تېز ۋە چاققان سەكرەشلىرى، سىلىنىپ تۇرغان قوللىرىنىڭ ۋە تىزىدىن پۈكۈلۈپ تۇرغان پۇتلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ھەرىكەت قىلىشلىرى قىزغىنلىقنى ۋە جۇش ئۇرغۇنلۇقىنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۇسسۇلدا باشتىن ۋە قول - بېلەكتىن پايدىلىنىشقا ماھىرمىز؛ بويۇننى ئوينىتىش، باشنى تۈرلۈك قىياپەتتە ھەرىكەتلەندۈرۈش، قول، بېلەك ۋە بېغىش، بارماقلارنى تۈرلۈك - تۈرلۈك ھالەتكە كىرگۈزۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈش، كۆكرەكنى چىقىرىش ياكى پۈكۈش، بەلنى رۇسلاش، ئېگىلىش، تولغاش، قايرىش، قاش ۋە كۆز ھەرىكەتلىرىنى دەل - مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇش ۋەھاكازا ھەرىكەت-قىياپەتلىرىمىز ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە. تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق ھالەتلەرنى كۆرىمىزكى، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاقارغان ئۇيغۇر بوۋايلار ياكى شوخ - جۇشقۇن ياشلار بىرەر خۇشاللىققا توغرا كېلىپ قالسا، باش ۋە بويۇنلىرىنى ئىختىيارسىز ئوينىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە خاس خۇش ئاۋاز مەنىۋى قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق ھەرىكەت ھالەتلىرى ئۇسسۇل سەنئىتى ئۈچۈن تاللىنىۋېلىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش يولى بىلەن نەپىس سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش قىممىتىگە ئىگە مول خام ئەشيادۇر. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، بەدەن ئەزالىرىدىن ئىپادىلەشتە پايدىلىنىش يوللىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ئارتۇقلۇقلارنى ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆگىنىپ قوبۇل قىلىشتىن تاشقىرى، چەت ئەللەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، ھەرىكەتلەرنى گۈرۈپپىلاشتۇرۇش، قۇراشتۇرۇش، رىتىم - پەدىگە چۈشۈرۈش يوللىرىنى ھەم ئۆگىنىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، قوبۇل قىلىش دېگىنىمىز ئەينەن خالا - خۇتتا ئىشلىتىش ياكى ئەينەن دوراش دېگەن گەپ ئەمەس. قوبۇل قىلىش جەريانىدا «ھەزىم» قىلىشىمىز، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ئىپادە ئامىللىرىغا پىشىقان خۇرۇچ سۈپىتىدە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىمىزگە باپ كېلىدىغان، يارىشىدىغان ۋاستە - شەكىللەرنى تاللىۋېلىشىمىز لازىم.

«جازا مەيدانىدىكى توي مۇراسىمى» ناملىق ئۇسسۇلغا قەدىمكى ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى زامان مودا ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمۇ، جۇڭگوچە ۋە چەت ئەلچە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا خەنزۇ خەلقىنىڭ «بەل دۇمبىقىغا ياڭگار ئويناش» ھەرىكەتلىرىنىڭ ئامىللىرىمۇ بار؛ يەنە، تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت خەلقىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئامىللىرى بار. شۇ ئۇسسۇلنىڭ ئىككى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قۇربان بولۇش ئالدىدا جازا مەيدانىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قىسمىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى لايىھەلەشتە ئۇسسۇل ئىجادچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ «دولان»

ئۇسسۇلىدىكى قەدەم تاشلاش قىياپىتىدىن پايدىلانغان؛ ئاساسىي ئاخىرىدا تەڭكەش قىلىپ ئوينايدىغان ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلدا چاۋشەن خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىرى قوبۇل قىلىنغان. ئۇسسۇل ئىجادچىسى خام ئەشيالارنى — ئۇسسۇل ئالاھىدىلىرىنى رەتلەپ، ئۆزگەرتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان.

يات ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتا خەلق ئاممىسى تەبىئىي ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خەلق سەنئەتنى ئۆز ئارا قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. بىر يەرنىڭ مەھەللىي ئۇسسۇل سەنئىتى يەنە بىر يەرگە كۆچۈپ، سىڭىپ تۇرىدۇ، خەلق ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، زوق ۋە ئىشتىياقلىرى، ئىستېتىك ئادەتلىرى بويىچە يېڭى - يېڭى ئۇسسۇل «تىلى» يارىتىپ تۇرىدۇ.

## 6. ئۇسسۇل ماقامىنى قۇراشتۇرۇش ۋە نىسبەتلەشتۈرۈش توغرىسىدا

ئۇسسۇل ماقامى يەككە - يەككە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا مۇئەييەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان تەركىبتۇر. ماقامى ياخشى لايىھەلەنگەن ئۇسسۇل ئىخچام، پىشقان بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھەرىكەت ئاز بولىدۇ. لېكىن نىسبەتلەشتۈرۈش ئۇسسۇللىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، سولغا قارىغاندەك قىلىپ ئوڭغا قاراش، ئالغا باسقاندەك قىلىپ ئارقىغا قايتىش، كۆز بىلەن قارىغاندەك قىلىپ قولاقنى تىڭشاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تۈرلۈك چوڭقۇر مەنىلىك كۆرۈنۈش، ھالەتلەرنى ۋە چۈشەنچىلەرنى، تەسىراتلارنى پەيدا قىلىش مۇمكىن.

نىسبەتلەشتۈرۈش — ئۇسسۇل ماقاملىرىنى قۇراشتۇرۇشتا قوللىنىدىغان مۇھىم ۋاستىدۇر. كىچىك كۆلەملىك ھەرىكەتلەرنى چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلەر بىلەن نامايان قىلغىلى بولىدۇ، چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلەر بىلەن كىچىك كۆلەملىك ھەرىكەتلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، بىر - بىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ؛ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ماقامغا چۈشكەن ھالدا گايى چوڭ، گايى كىچىك كۆلەمدە نىسبەتلىك نامايان بولۇشى، نىسبەتلىك ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئاجايىپ چىرايلىق ئىستېتىك تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرىكەتنىڭ گايى ئۆرلەپ، گايى پەسىيىشى، گايى تېزلىشىپ، گايى ئاستىلىشى، سىجىل تېز ئۇچىشاق ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش ياساپ، چوڭ كۆلەملىك ئاستا لەرزان ھەرىكەتكە ئايلىنىشى، تېز، جىددىي داۋام قىلىۋاتقان ماقامنىڭ ئۇشتۇمتۇت نىسبىي توختاپ، ئاندىن كېيىن يەنە جىددىي داۋاملىشىشى ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئاجايىپ مۇرەككەپ، نازۇك ھېسسىياتلارنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلدىمۇ، كوللېكتىپ ئۇسسۇلدىمۇ ھەرىكەت بىلەن رەت نىسبەتلىك ھالدا ماسلىشىپ گىرەلىشىدۇ، ئالدى - ئارقا، ئېگىز - پەس، ئوڭ - سول - يان تەرەپلەرنىڭ ئالمىشىشى، رەتنىڭ ئىلگىرى - كېيىن، ئالدى - ئارقا، ئېگىز - پەس گىرەلىشىپ، گايى بىرلىشىپ، گايى تارقىلىپ، نىسبەتلىك ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، ھەرىكەتتە ئاستىلىغاندا سۈيى سوغالغان ئۆستەڭنىڭ ئېقىشىدەك، تېزلەشكەندە گويا قيۇندەك ھالەتكە كېلىش — بۇ ھالەتلەر ئۆزىگە مۇناسىپ گۈزەل تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇسسۇل ماقامىدا بەدەن ئەزالىرى ھەرىكەتلىرىنىڭ نىسبەتدارلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە

ئېگە: باش، غول، پۇت ۋە قول دېگەندەك ئەزالار مۇناسىپ ھالدا ماسلىشىشى لازىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە نىشان ئېتىبارى بىلەن ئالدى - ئارقا، ئوڭ - سول، يۇقىرى - تۆۋەن، ئەگرى - تۈز، ئېگىز - پەس ۋەھاكازا جەھەتلەر نىسبەتلىك ھالدا ماسلىشىشى لازىم؛ يەنە قاتتىق - يۇمشاق، قوپال - سىلىق، چىڭ - بوش، خىرە - راۋان ۋەھاكازالارمۇ نىسبەتلىك ماسلىشىشى لازىم. ھەتتا نەپەسنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىمۇ، تېز - ئاستىلىقىمۇ نىسبەتلىك، ماس ھالدا تەڭشىلىشى لازىم.

ئۇسسۇل ماقاملىرىنى قۇراشتۇرۇشتا ئاساسىي ماقامنى يەنى باش پەدىنى تاللاشقا، تېمىنىڭ ئوبرازىنى قاچۇرۇپ قويماسلىققا، ئۇسلۇبىنى روشەنلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئاساسىي ماقامنى زۆرۈر تېپىلىنىچە تەكرارلاشقا، شاخلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھېسسىياتنى مۇزىكىنىڭ ياردىمى بىلەن بايان قىلىشقا ماھىر بولۇپ، مۇزىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئارتۇقچە پەللىپەتىش ھەرىكەتلەر بىلەن كۆمۈپ تاشلاشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئۇسسۇل ماقاملىرى تەڭكەشلىك - تەڭكەشسىز دەپ ئىككى خىل ئۇسۇلدا تۈزۈلىدۇ. تەڭكەشلىك ئۇسسۇل ماقامىدا ھەرىكەت سولغا بىر قېتىم، ئوڭغا بىر قېتىم، ئالدىغا بىر قېتىم، ئارقىغا بىر قېتىم دېگەندەك تەرىزدە بولىدۇ، ھەرىكەتلەر قائىدىلىك ھالدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. تەڭكەشلىك ئۇسسۇل ماقاملىرى كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. تەڭكەشسىز ئۇسسۇل ماقامىدا ھەرىكەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە چېتىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، ھەرىكەتتە ئىختىيارىغا كەڭ يول قويۇلىدۇ، تەكرارلىنىش ئاز بولىدۇ. ھەرىكەتلەر بىر - بىرىگە تەڭكەش ھالدا جارى قىلىنمايدۇ. مۇنداق تەڭكەشسىز ئۇسسۇل ماقاملىرى يالغۇز كىشىلىك، يەككە مەزمۇنلۇق ئۇسسۇللاردا، ھازىرقى زامان مودا ئۇسسۇللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان كەيپىياتلارنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇللار ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى ماقام كېرەك. ھەرىكەتلەرنىڭ مۇتەناسىپلىقى كۆپ ھاللاردا كەيپىياتلارنى مۇناسىپ ھالدا ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىسىدۇر. لىرىكىلىق - مۇڭلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇسسۇل ماقامى سوزۇق، رېتىمى ئاستا، ھەرىكىتى ناتىۋان، لەرزان بولۇشى كېرەك؛ قىزغىن كەيپىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى، ھەرىكەت ئەزالىرى كۆپ ئالماشتۇرۇلۇشى، گىرەلەشتۈرۈلۈشى، ھەرىكەت چەددىي - تېز بولۇشى لازىم؛ دەرد - ئەلەمنى ئىپادىلەشتە ھەرىكەت سۆرەلمە، دىمىقتا، ئاستا، غۇۋا ھالەتتە بولۇشى كېرەك بولسا، قەھر - غەزەپنى ئىپادىلەشتە قەيسەرانە، توغرىدىن - توغرا، كەسكىن، كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىش توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال رەسساملىقنىڭ رەڭ تەڭشەش تاختىسىغا ئوخشايدۇ؛ ھەر خىل رەڭ - بوياقنى مۇتەناسىپ ھالدا تەڭشەپ ئىشلەتكەندە ئاندىن مەلۇم كەيپىياتنىڭ تۈسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ ماقالە 1990 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق يىپەك يولى گۈللىرى مۇكاپاتلىق ئۇسسۇل مۇسابىقىسى»نىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

— مۇھەررىردىن




## ھېكمەتلەر

ئۆزىدە تۆۋەندە قەيت قىلىنغان خىسلەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئادەملا ئەخلاقلىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ:

ھەممە مەسىلىنى، مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىنى چاپسان ۋە توغرا چۈشىنەلەيدىغان، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلەيدىغان، سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى ۋە ئېيتقان پىكىرىنىڭ توغرىلىقىنى چاپسان بايقىيالايدىغان بولسۇن؛

خاتىرىسى تولىمۇ كۈچلۈك بولسۇن، كۆرگەن، بايقىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي، ئېسىدە ساقلاپ قالىدىغان بولسۇن؛

زېھنى شۇنچىلىك تېز ۋە ئۆتكۈر بولسۇنكى، بىرەر نەرسىنىڭ ئالامىتىنى بايقىشى بىلەنلا بۇ ئالامەتنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى دەرھال بىلىۋالىدىغان بولسۇن؛

سۆزلىرى ئېنىق بولسۇن، پىكىرىنى ۋە ئېيتماقچى بولغان مۇلاھىزىلىرىنى راۋان ۋە روشەن بايان قىلسۇن؛

بىلىم ئېلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ھەۋەسى بولسۇن، ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىمىنى ھارماي-تالماي ئۆزلەشتۈرسۇن؛

تاماق يېيىشتە، ئىچىملىك ئىچىشتە ئاچكۆز بولمىسۇن، قىماردىن نېرى بولسۇن ۋە ئۇلار بېرىدىغان ھوزۇردىن يىرگىنىدىغان بولسۇن؛

ھەقىقەتنى ۋە ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنى ياقلايدىغان بولسۇن، يالغان سۆز ۋە يالغانچىلارغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولسۇن؛

روھان غۇرۇر ۋە ئۆز ۋىجدانىنى قەدىرلەيدىغان بولسۇن، روھى ئالىيجاناب ئىشلارغا ئىنتىلىدىغان بولسۇن؛

دەرھەم (كۈمۈش پۇل)، دىنار (ئالتۇن پۇل) ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تەنقىدىي قارىسۇن؛

ئۆزى ئادالەتنى ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنى ياقلايدىغان، ئادالەتسىزلىك ۋە جەبىر-زۇلۇم قىلغۇچىلارغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولسۇن. ئۆز يېقىنى ۋە باشقىلارغا ئادىل بولسۇن. گۈزەل ۋە ياخشى ھېسابلانغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا تەقدىم قىلغان ھالدا، ئادەملەرنى ئادىل



بولۇشقا تەرغىب قىلىدىغان، ئادالەتسىزلىك ئاقىۋەتلىرىنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇلارغا يول قويمايدىغان بولسۇن؛

ئادىل بولسۇن، ئەمما قەيسەر بولسۇن، ئادالەت ئالدىدا قەيسەر بولۇپ، باشباشتاقلىق قىلمىسۇن، لېكىن ھەر قانداق ئادالەتسىزلىك، پەسكەشلىك ئالدىدا قەتئىي بولسۇن، ئۆزى زۆرۈر دەپ بىلگەن نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قەتئىيلىك كۆرسەتسۇن، قەيسەر ۋە جەسۇر بولسۇن، قورقۇنچاق ۋە ئاجىز بولمىسۇن.

**ئەبۇ نەسىر فارابى**

* * *

ئاچكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، يامان غەرەزلىك، سۇيىقەست، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھىيلە ـ مىكىرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەدەب ـ يوسۇننى تۇتقان كىشى ـ ياخشىلىق، ئىمتىياز، بەخت ـ سائادەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى، مەڭگۈ ئىززەت ـ ئابروي باغچىسىدىكى گۈلنىڭ غۇنچىسى، شۇنداقلا ئالىي مەرتىۋىنىڭ سەۋەبكارى بولغاي.

**ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى**

* * *

ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ يورۇق يۇلتۇزىنى، زۇلۇم ۋە جاھالەتنىڭ قارا تۈنىنى، ھېچ بىر ئىلىم، تارىخ ئىلمىغا ئوخشاش روشەن كۆرسىتەلمەيدۇ.

**ناۋائى**

* * *

بىراۋ بەختسىزلىككە يولۇقسا، ئۇنىڭدىن كۈلمە، ئاخىر ئارسلاننىمۇ شۇنچە كۈچلۈك تۇرۇپ، تۇزاققا چۈشىدىغۇ؟

**سوقرات**

* * *

دۇنيادا ھەممىدىن كۆرە ھەسەتخورنىڭ يۈكى ئېغىردۇر، چۈنكى ئۇ بىچارە بەختلىك ئادەملەرنى كۆرەلمەي، ھەسەت تۈپەيلىدىن كېلىدىغان ھەممە قايغۇ ـ ئەلەملەر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئارتىپ يۈرىدۇ.

**ئارستوتىل**

* * *

ئىككى نەرسە بىلەن ئىككى ئادەم قېرىمايدۇ: ئۇنىڭ بىرسى ـ ياخشى قىلىق، يەنە بىرسى ـ ياخشى سۆزدۇر.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

* * *

△ بىر كىشىنى كۆپ مەدھىيىلىمە، كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەش قىيىن بولمىسۇن. بىر كىشىنى كۆپ ھاقارەتلىمە، يەنە بىر چاغدا ئۇنى مەدھىيىلەشكە ئورۇن بولماي قالمىسۇن.

△ ئىنساندىكى ئەقىل ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ـ تەبىئىي ئەقىل، يەنە بىرى ـ كەسپىي ئەقىلدۇر. تەبىئىي ئەقىل ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ؛ كەسپىي ئەقىل بولسا ئوقۇش، ئۆگىنىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

△ ئىنسان پەزىلىتىنىڭ سۈپەتلىرى يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: (1) ئىلىم؛ (2) ئەدەب؛ (3) كەمتەرلىك؛ (4) تەقۋادارلىق (يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىماق)؛ (5) سۆز ـ ھەرىكەتتە توغرىلىق؛ (6) پاكلىق؛ (7) ئەلنى رەنجىتمەسلىك.

**شەمسۇلمائالىي قابۇس**

* * *

ئاچچىقلىنىش ـ ئەخمەقلىقتىن باشلىنىپ، پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**پىفاگوراس**

* * *

بىر قانچە كىشى بىر دانىشمەندىن: «ئىلىم ئەۋزەلمۇ، بايلىقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟»

دەپ سورىغاندا دانىشمەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ئىلىم بايلىقتىن كۆپ ئەۋزەل، چۈنكى:

1. ئىلىم — ئۇلۇغ ئالىم، كاتتا دانىشمەنلەر قالدۇرىدىغان مىراستۇر، بايلىق — زالىم پادىشاھ ۋە جاھىل بايلاردىن قالىدىغان مىراستۇر.

2. ئىلىمى كۆپ كىشىلەرنىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ، بايلىقى كۆپ كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

3. بايلىقنى ئىشلەتكەنسېرى تۈگەيدۇ، ئىلىمنى ئىشلەتكەنسېرى كۆپىيىدۇ.

4. باي كىشىلەرنىڭ كۆپىنچە بېخىللىق ۋە قاتتىقلىق بىلەن نامى چىقىدۇ، ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ بولسا، سېخىيلىق ۋە ئالىي ھىممەتلىكى بىلەن نامى چىقىدۇ.

5. بايلىقنى ئوغرىلاردىن ساقلاش زۆرۈر بولىدۇ، ئىلىمنى يوشۇرۇپ ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

6. بايلىق كۆپ بولسا چىرىيدۇ، كونىرايدۇ، نابۇت بولىدۇ، ئىلىم كۆپ بولغانسېرى كۈچىيىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ.

7. بايلىققا مىراسخور بولغۇچىنىڭ كۆڭلى قارا، باغرى قاتتىق بولىدۇ. ئىلىمگە ھېرىس بولغۇچىنىڭ كۆڭلى يورۇق، دىلى نۇرلۇق بولىدۇ، كۆزى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

* * *

كىشىلەر بىر ئالىمدىن سوراپتۇ:

— تەقسىر، زىياپەت ۋاقتىدا مېھمانلارغا بېرىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ لەززەتلىك تاماق قايسى؟

— زىياپەت ۋاقتىدا مېھمانلارغا بېرىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ لەززەتلىك تاماق شۇلدۇركى، ساھىبخان باشتىن-ئاياغ ئوچۇق يۈزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك بولماقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئالىم.

* * *

بىر كىشى تېۋىپتىن:

— تەقسىر، دىلىمدىن ھەمىشە قايغۇ كەتمەس، ئۇنىڭ قانداق داۋاسى بار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى: ئاقار سۇغا قارىماق، يېشىل چىمەنلەرنى سەيلى قىلماق، گۈزەل .. كۆركەم يۈزلەرگە قارىماق. گۈزەللىك — كۆز نۇرىنى ئاشۇرغۇچىدۇر.

شائىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئېسىڭدە تۇتقىن:

كۆڭۈلدىن كەتكۈزەر ئۈچ نەرسە قايغۇ،
يېشىل چىمەن، گۈزەل مەھبۇب، ئاقار سۇ.

* * *

مىسىرلىق زۇنۇن دېگەن مەشھۇر بىر ئالىم، پادىشاھقا خىتاب قىلىپ:

— ئاڭلىشىمچە، سەن پالانى ئەمەلدارنى بىر ئۆلكىگە ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتىپسەن، ئۇ ئەمەلدار زۇلۇم قولىنى ئۇزىتىپ پۇقرالارغا جەبىر - زۇلۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، زۇلۇم بىلەن پۇقرالارنى ۋەيران قىلىشتىن ئىلگىرى ئەمەلنى ئېلىپ تاشلاپ ئەدەب بەرگىن، بۇ مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق بولىدۇ. زالىم، پۇقرالارنى ۋەيران قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جازا بەرگىنىڭنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ بولمايدۇ ۋە زالىمنىڭ پۇقراغا زۇلۇم قىلىپ توپلىغان مال - مۈلۈك، بايلىقىنى مۇسادىرە قىلساڭمۇ ۋەيران بولغان پۇقرالارغا نېمە پايدىسى بولىدۇ؟ — دېگەن ئىكەن.

قويلارنى بۆرە يېيىشتىن بۇرۇن، بۆرىنىڭ كاللىسىنى كەسكەن ياخشىدۇر.

* * *

ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا ئىتائەتچان بولغىن، ئاتا بىلەن ئانىنى رازى قىلساڭ بەختىيار-سائادەتمەن بولىسەن.

ئۇستاز ۋە پېشقەدەم — ئېرى كىشىلەرگە ھۆرمەت - ئىززەت قىل، كىچىككىلەرگە مەرھەمەت - شەپقەت قىل.

كىبىر - مەغرۇرلۇقتىن ئۆزۈڭنى ساقلا، چۈنكى كىبىر - مەغرۇرلۇق ئادەمنى خار ۋە بىئېتىبار قىلىپ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە دۇچار قىلىدۇ.

بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە سەۋر قىلىپ بەرداشلىق بەرگەيسەن، نەپسىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، قانائەتسىزلىك قىلمىغايسەن.

راھەت - پاراغەتلىك چاغلىرىڭدا نېمەتكە تەشەككۈر قىل، ھەددىڭدىن ئېشىپ، ئىسراپخورلۇق ۋە مەغرۇرلۇق قىلىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا.

قۇۋۇم - قېرىنداشلىرىڭدىن يىراقلاشما، تۇغقانچىلىق رەھىم - شەپقىتىڭنى ئۈزۈۋەتمە، بەلكى قولۇڭدىن كەلگىنىچە ئۇلارغا ياخشىلىق قىل.

پۇل ۋە مالغا ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئىنسانلىق ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى ساتما. غەيۋەتچى - سۇخەنچى، پىتنىخورلار باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن ساڭا گەپ - سۆز كۆتۈرۈپ كەلسە ئىشەنمە، بەلكى غەيۋەتچى - سۆز توشۇغۇچىلارنى يېنىڭغا يولاتما.

* *

دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىمۇ ئانا مېھرىبانلىقى ئالدىدا ھەيرانۇھەستۇر.

باھارغىمۇ، تاڭغىمۇ ئانىلار گۈزەللىك بەخش ئەتكەندۇر. ئانا - قۇياش، ئۇنىڭ مېھىر تەپتى ھېچقاچان سوۋۇمايدۇ. ئانىنىڭ دىلى ئاغرىغاندا زېمىن تىترەيدۇ.

ئانىنىڭ ئاچچىق سۆزى پەرزەنتنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچىدۇ.

شان - شەرەپ تاجىنى ئىزدىمە، ئاناڭنىڭ رازىلىقىنى ئىزدە.

دۇنيا تار بولغاندىمۇ ئانا باغرى كەڭ.

ئانا قەدرى - ھايات قەدرى.

پەرزەنت ئۈچۈن ئانا قوينىدىن ياخشىراق، يېقىملىقراق ۋە سۆيۈملۈكرەك جاي يوق.

دۇنيادا ھېچبىر گۈل ئانىنىڭ بالىغا قىلغان تەبەسسۇمىدىن چىرايلىق ئەمەس.

* * *

بىر دانىشمەن ھىندى تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:

- دۇنيادا ئالتە نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتى يوق: بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى، بىۋاپا يارنىڭ مۇھەببىتى، قولدىن كەتكەن بايلىق، مۇستەبىت ھاكىم، ساختا شان - شۆھرەت.

* * *

- قانداق ئادەمنى ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن؟ - دەپ سورىدى كىشىلەر بىر دانىشمەندىن.

- ئۆزىنى ئاچكۆزلۈك ۋە بۇزۇقلۇق گىرداۋىدىن قايتۇرالىغان كىشىنى، - دەپ جاۋاب بەردى دانىشمەن.

* * *

ھالال مېھنەت سۆيمىگەن ئادەم، ئۈچ ئاقىۋەتتىن خالى بولالمايدۇ:

1. ھورۇنلۇق قىلىپ كەسپى كار قىلالمىسا سائىللىق قىلىش يولىغا ماڭىدۇ؛

2. تەقۋادارلىق، سوپىلىق قىلىمەن دەپ كەسپى كار قىلمىسا، تەمەخورلۇق يولىغا كىرىپ قالىدۇ؛

3. نومۇس قىلىپ كەسپى كار قىلمىسا، ئاخىرى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش يولىغا ماڭىدۇ.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇۋىمەرىيەم شېرىپ (10 ياش، ئوقۇغۇچى)

* *

بىر ئالىم سورىغۇچىغا مۇنداق دېدى:

- ئىلىم ئىزلەش ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، ئاڭلىق ئىلىم ئىزلەش، يەنە بىرى، نادانلىق بىلەن ئىلىم ئىزلەش.

- نادانلىق بىلەن ئىلىم ئىزلەش قانداق بولىدۇ؟

— نادانلىق بىلەن ئىلىم ئىزلەش — بىلمىگەننى سورىماسلىق، سورىغۇچىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، ئاڭلىغاننى يېزىۋالماسلىق، يېزىۋالغاننى مۇھاكىمە قىلماسلىق، — دەپ جاۋاب بەردى ئالىم.

* * *

بىر كىشى دانىشمەندىن:

— تەقسىر، دۇنيادا قانداق نەرسىنىڭ باھاسى ئەرزان، قانداق نەرسىنىڭ باھاسى قىممەت بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دۇنيادا ھەر قانداق نەرسە ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولسا باھاسى ئەرزان، قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم قانچىكى كۆپ بولسا باھاسى يۇقىرى، قىممىتى زور بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دانىشمەن.

* * *

△ تۇتىقۇش گەپ ئۆگىنەلەيدىغان بولغاچقا، خالايىق ئۇنى «شاھ تۇتى» دەپ ئاتايدۇ. ھايۋاننىڭ ئېتىنى شاھ قىلغان بىلىم ئادەمنى شاھ قىلسا نېمە ئەجەب؟!

△ بىرەر كىشى بىلىمدانلارنى ھۆرمەت قىلسا، گويا پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلغاندەك بولىدۇ.

**ئەلشىر ناۋائى**

* * *

ئادالەتلىك، باراۋەر ۋە ئىناق بولغان غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول — قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمدۇر. قانۇن — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان تىرەك؛ ئەخلاق — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە؛ بىلىم — قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس.

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

* * *

△ مەسلىھەت سورىغان كىشى ئامانەتدار بولىدۇ. ئەگەر دۈشمەن كىشى بولسىمۇ، بىرەر ئىشنى مەسلىھەت سالسا، توغرا مەسلىھەت بېرىش كېرەك.

△ ھەركىم راست سۆز ۋە ھەقىقەتنى پادىشاھتىن يوشۇرسا، كېسەلنى تېۋىپتىن يوشۇرسا، ھاجىتىنى دوستلىرىدىن يوشۇرسا، ئۆز-ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

△ ئادەملەر ئىككى گۇرۇھ بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى ھوشيارلار، يەنە بىرى ئاجىز-ناتىۋانلاردۇر. ھوشيارلار ھەمىشە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىشنىڭ ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئاجىزلار بولسا ۋەقە پەيدا بولغاندا ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھالى پەرىشان ۋە سەرگەردان بولىدۇ — بۇلار جاھىللاردۇر.

△ ھوشيار ۋە ئېھتىياتكارلارمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى — ھادىسىنى بولماستىن بۇرۇن بىلىدۇ ۋە ئىپتىداسىدىنلا خاتىمىسىنى كۆرەلەيدۇ؛ ئىككىنچى خىلى — بالا-قازا ئۇچراپ قالسا چارە ئىزدەيدۇ، ھەيرانلىقتا قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى مۇكەممەل ئاقىل، كېيىنكىسى يېرىم ئاقىلدۇر.


△ ھەر كىشى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۈنەر-قابىلىيىتى بىلەن تونۇلىدۇ.

**ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا**

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پاتىمە ساتتار (ئوقۇغۇچى)






# مەجنۇنتالنىڭ نوتىسى

(يالغانچىنىڭ يانچۇق دەپتىرىدىن)

(ھېكايە)

سەئىدۇللا سىيايېۇ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

بوۋام رەھمەتلىك يازدا ئوبدان سايە چۈشىدۇ، دەپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا بىر تۈپ مەجنۇنتال تىككەن قويغان ئىدى. شۇ مەجنۇنتال ماڭا يالغان ئېيتىشنى ئۆگەتتى. ئۇ تېخى مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان چاغلىرىم ئىدى. ئەتىيازدىغۇ دەيمەن، بىر كۈنى پېشايۋاندا قوغۇشتىن نەي ياساپ ئولتۇرسام، ئۈكام شىرمەت يېنىمدىن غىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قېنى نېمە ئىش قىلىدىكىن، دەپ دېرىزىدىن قاراپ تۇرسام، شىرمەت ئۆيگە كىردى - دە، ئۇدۇل بىرىپلا تەكچىگە ئېسىلدى. تەكچىدە ئىككى چىنە رىشالە بار ئىدى. بوۋام ئۇنى ئېچىتارلىق قىلمىسۇن، دەپ ئاتىلىرىن شەھەردىن ئەكەلگەن ئىدى. شىرمەت تەكچىگە ئېسىلىپ



باقتى – يۇ، بويى يەتمىگەچكە، بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقنى سۆرەپ كېلىپ يۇتىغا قويدى – دە، رىشالىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ، بارماقلىرىنى ئەمدىلا ئىككى قېتىم يالىۋېدى، چىنە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. شىرمەت قورققىنىدىن ئورۇندۇقنىمۇ قارىماي بەدەر كوچىغا قاچتى.

سەل تۇرۇپ بوۋام كىردى.

– بۇ قايسىڭنىڭ قىلىقى؟ – دېدى بوۋام چىنە سۇنۇقلىرىنى كۆرسىتىپ.

– مەن ئەمەس... شىرمەت چاقتى، – دېدىم.

بوۋام گەپ – سۆزسىزلا مەجنۇنتال تەرەپكە قاراپ ماڭدى – دە، ئۇنىڭ ئىنچىكە نوتىسىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ شاپ قىلىپ بېلىمگە بىرنى سالدى.

– قىلغۇلۇقنى قىلىپ، تېخى يالغان گەپ قىلىۋاتامسىنا؟

– مەن چاقمىدىم... شىرمەتمىكىز... جېنىم بوۋا، راستلا مەن چاقمىدىم...، – دەپ تاياقتىن قېچىپ، بېشىمنى چاڭگاللىغىنىچە تۈگۈلۈۋالدىم.

بېشىمدا يەنە تاياق ئوينىغىلى تۇردى.

– ئەمىسە، نېمىشقا كالپۇكلىرىڭ ئاپئاق بولۇپ كەتتى؟

مەن: «قومۇشنى يۇۋلەۋېرىپ، كالپۇكلىرىم ئاقىرىپ كەتتى» دېيىشتىن قورقتۇم.

–خۇداھەققى، بوۋا، مەن يالىمىدىم!...

مەجنۇنتالنىڭ نوتىسى بەشىنچى قېتىم تەگكەندە دوم يېتىۋالدىم.

– جېنىم بوۋا، ئۇرماڭ... مەن... مەن يالىدىم رىشالىنى...، – دېدىم يىغلاپ، – چىنىنىمۇ مەن چاقتىم.

– مانا، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، – دېدى بوۋام، – جېنىڭنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ يالغان گەپ قىلما!

بوۋامنىڭ نەسىھىتىنىمۇ ئۆزۈمچە مۇنداق چۈشەندىم: «يالغان گەپ قىلساڭمۇ مەيلى، لېكىن تاياق يېمە». شۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالدىم. بوۋامنىڭ كۆزلىرىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىدىغان بولدۇم. قىلغان ئىشنى قىلمىدىم دەيمەن، قىلمىغان ئىشنى قىلدىم دەيمەن. شاپتۇلنى مەن يەيمەن، شاپىلاقنى شىرمەت يەيدۇ؛ قازناقتىكى ئۈرۈكنىڭ ھوزۇرىنى مەن سۈرىمەن، چىۋىقنىڭ «تەمى»نى شىرمەت تېتىيدۇ. ئۇ كالىمغۇ، دەپ بىر – ئىككى قېتىم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، راست گەپ قىلماقچى بولغان ئىدىم. بوۋام مەجنۇنتال نوتىسىنى تاشلاپ، ئالمىنىڭ تايىقىنى كېسىپ كەلدى. ئالما تايىقىنىڭ «تەمى» باشقىچىرەك بولىدىكەن. بۇرۇن تال چىۋىق يەپ يۈرگەن چېغىمدا چاچراپ قويۇپ كېتەتتىم، ئالمىنىڭ تايىقىنى تېتىغاندىن كېيىن بوسۇغىغىچە ئۆمىلەپ بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مانا، مەكتەپكىمۇ كىردىم. مۇئەللىمىمىز دەرستە ئۆزى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتىكى مومايلارغا ئوخشايدىغان بىر قېرى خوتۇن ئىكەن. مېنى بويى پاكار، دەپ ئالدىنقى پارتىغا ئولتۇرغۇزدى. قارىسام، قولدەك ئىشلىتىدىكەن: «ئىسمەت، دوسكىنى ئۆچۈر!»، «ئىسمەت، بور ئېلىپ كەل!»، «ئىسمەت، ئىشىكنى ياپ!...» بىر كۈنى دوسكىنى ئۆچۈرگىلى ئۆچۈرگۈچنى ئېلىپلا تامنى سۈرتۈشكە باشلىدىم. بالىلار كۈلدى، مۇئەللىم بولسا مېنى تىللىدى.

– مۇئەللىم، مەن نامازشام قارىغۇسىمەن، – دېدىم يالغاندىن يىغلامسىراپ، – يېقىندىكى نەرسىنى تازا ياخشى كۆرەلمەيتتىم.

مۇئەللىمنىڭ رەھمى كېلىپ، مېنى ئەڭ ئاخىرقى پارتىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئەمدى كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى. يېنىمدىكى بالا بىلەن پارتىنىڭ ئېگىدە مۆكۈ – مۆكۈلەڭ ئوينايمىز، قىزلارنىڭ چېچىنى بىر – بىرسىگە باغلاپ قويۇپ، جىمى قىلىپ كۈلىمىز. لېكىن ئاخىرقى پارتىنىڭ قاملاشمىغان يېرىمۇ بار ئىكەن. مۇئەللىم ئۆتۈلگەن دەرسنى ئەڭ ئاۋۋال ئاخىرقى پارتىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدىن سورايدىكەن. ئويلا – ئويلا، بۇنىڭمۇ چارىسىنى تاپتىم. دەرس تەييارلىماي كەلگەن كۈنلىرىم «مۇئەللىم: مەن جاۋاب

بىرەي!» دەپ چۇقان سالىمەن، مۇئەللىم مەندىن سوئال سورىمايدۇ، جەم ئولتۇرغان بالىلاردىن سورايدۇ، ئۇلار جاۋاب بېرەلمىسە قۇلىقىنى سوزىدۇ. تەييارلىقسىز تۇرغان كۈنلىرى توپپىدە مەندىن سوئال سوراپ قالسا، جاۋاب بېرەلمەي تىرناق تاتىلاپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا: «تۈنۈگۈن... تۈنۈگۈن» دەيمەن - دە، يىغلىغان بولۇپ كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ مىشىلداشقا باشلايمەن. مۇئەللىم ھەيران بولۇپ:

— تۈنۈگۈن نېمە بولدى، ئېيتە ئىسمەتجان...

— تۈنۈگۈن... تاغام ئۆلۈپ قالغان ئىدى...، — دەيمەن پارتىنى قۇچاقلاپ.

مۇئەللىم جىم بولىدۇ - دە، بېشىمنى سىلايدۇ، ئۆيگە كەتكۈزۈۋېتىدۇ.

قىسقىسى، يالغانغا ئىگەر - توقۇم توقۇپ، يۈگەنلەشكە شۇنچىلىك ئۇستا بولۇپ كەتتىمكى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە يەتتە قېتىم كىچىك ئانام، تۆت قېتىم تاغام، ئىككى قېتىم ھاممام، ئۈچ قېتىم قولۇم - قوشنىلىرىم «ئۆلدى». ناۋادا دەرسكە بەش - ئالتە كۈن كېلەلمەي قالسام، چىمكەنتتىمۇ، جامبۇلدىمۇ تۇرىدىغان ئاچىلىرىمنىڭ ئەرلىرىدىن بىرى «ئۆلگەن» بولىدۇ.

مەكتىپىمىزدە بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىدىغان. ئۇ نومۇر قويۇشتا بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئوغلى ئاڭا يېلىنىپ بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرسىمۇ، ئارانلا «ئۈچ» قوياتتى. ئوغلىغا قىلغىنى شۇ بولغاندىكىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى ئۆزىڭىز بىلىڭ.

ئۇ پىخسىق مۇئەللىم كىمكىمدۇر «ئەگەر ئىسمەت ئىنىستىتۇتقا كىرسە، مەن بۇ يېزىدىن كۆچۈپ كېتىمەن» دەپتۇ. دېپلوم ئالغاندىن كېيىن ئۇنى كوچىدا كۆرۈپ قېلىپ چاقچاق قىلدىم:

— ئىنىستىتۇتقا ئوقۇشقا كېتىۋاتىمەن مۇئەللىم. قېنى، كۆچكىلى ئۆيىدىكى بىساتلىرىڭىزنى يىغىشتۇرمامسىز؟

— بىرىدۇەر، — دېدى ئۇ پىخسىق كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ ھارۋام تەييار.

شۇنداق قىلىپ ئىنىستىتۇتقا قوبۇل قىلىنىش ھۆججەتلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. ماڭا بېرىلگەن باھالارنى كۆرگەن ئادەم چىرايىمنى غورا يېگەندەك تۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن تەرجىمىھالىمنى بىر ئوقۇپ چىقسا، ئىچى ئاغرىپ دەرھال ھۆكرەپ يىغلاپ مېنى باغرىغا بېسىپ، يانچۇقىمغا ئوقۇغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى بىلەن ئۈچ ئايلىق راسخوت پۇلىنى سېلىپ، يۈز - كۆزلىرىمگە چوپىلدىتىپ سۆيۈپ كەتكەن بولاتتى. نېمىشقا دېسىڭىز، تەرجىمىھالىمدا مەن دۇنيادا ئۆزۈمنىڭ سايىمىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، تۇرغان - پۈتكىنى بىچارىلىق بىر قارا يېتىممەن. مەن قېپقىزىل يالاڭئاياغمەن. مەن ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئۆيىدە خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ جېنىمنى جان ئېتىپ كەلگەنمەن. مەن ماكسىم گوركىغا ئوخشاش، ئاينىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ساۋاتىمنى چىقارغانمەن. مانا ئەمدى كەمبەغەل - يوقسۇللارنىڭ قايىشى بولغان ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مېھرى - شەپقىتىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئادەم بولماقچىمەن.

ئاڭلىشىمچە، ئىشىنىپ راستىمۇ - يالغانمۇ، مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى ئوقۇپ، مۇدىرنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەنمىش. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ كىشىمۇ ماڭا ئوخشاش (يەنى ئوخشىماي دېمەكچىمەن) يېتىملىكتە چوڭ بولغانمىش!

قىسقىسى، 1 - سېنتەبىردە چېلىنغان قوڭغۇراق مېنىمۇ ئىنىستىتۇتنىڭ دەرسخانىسىغا ئېلىپ كىردى. بىردىن كۆز ئالدىمغا فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى كەلدى. بىچارە قانداق قىلىدىكىن، ئۇ يېزىدىن كۆچۈپ كەتتىمىكىن؟ ئۆزۈمچە توۋا دەيمەن. ئەللىك ياشقا كىرىپتۇ، ھازىرغىچە ئىككى ئېغىز يالغان گەپنى قاملاشتۇرالمىسا - ھە! ئىسمەتكە چاقچاق قىلغان ئىدىم، دەپ قويسىلا بولمامدىغاندۇ؟ زادى ھەر دائىم راست گەپ قىلىمەن دەپلا تۇرغۇلۇقمۇ؟ ئادەم دېگەن ھامان ئاياغنىڭ چەمىدەك ئۇپراپ تۈگەيدىغۇ! راست گەپ دېگەن ئورۇس سىركىسىدەك بىر نېمە. سىركىنىڭ ئۆزىنى

ئېچكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرسالا تاماقنىڭ تەمىنى تەگشەيدۇ ئەمەسمۇ.

قىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمغا: «سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئىنىستىتۇتقا كىرەلىمىدىم» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتىم.

ئىنىستىتۇتتا قانداق ئوقۇغانلىقىمنى ئېيتسام، بەربىر ئىشەنمەيسىز. سىناقلار باشلىنىشى بىلەنلا «چولاق» بولۇپ، ھاسا تايىنىۋالىمەن. ئىمتىھان ئالىدىغان چاغدا، يا تۇتقاق كېسىلىم تۇتىدۇ، ياكى «ئەزەن ۋاقتىغىچە قايسىبىر ئۈي ئىگىسىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ» چىققان بولىمەن. ھېچ ئامالىنى قىلالمىسام، بىر دوملاپلا بوۋامنى «ئۆلتۈرۈپ» يېزىغا كېتىۋېرىمەن.

مەن يالغانلىرىمنى تۈرلەرگە ئايرىپ، بىر دەپتەرگە يېزىپ ماڭىدىغان بولدۇم. بۇ يالغانلارنى مۇئەللىملەرنىڭ مىجەزىگە قاراپ ئىشلىتىشنى ئۆگەندىم. مەسىلەن، ئەگەر مۇئەللىمنىڭ باغرى قاتتىق، ئاچچىقى يامان بولسا بىردىنلا ئورۇق - تۇغقانلىرىدىم «ئۆلۈش»كە باشلايدۇ - دە، تۇسۇن ئاتتەك چاپچىپ يۇشقۇرۇپ تۇرغان مۇئەللىم بىردىنلا ياۋاشلاپ پەسكارىغا چۈشۈشكە باشلايدۇ.

— ھەي ... يامان بوپتۇ، — دەيدۇ لېۋىنى چىشلەپ، — قېنى، نومۇر دەپتىرىڭىزنى بېرىڭ.

مۇبادا ياشراق ياكى «قولى ئوچۇق»-راق مۇئەللىمگە ئۇچراپ قالسام يالغانچىلىق دەپتىرىمنىڭ «تەسادىپىيلىكلەر، خالىس خىزمەتلەر» دېگەن بېتىنى ئاچىمەن. ماڭا ئۇچراپ قېلىپ «ساق - سالامەت تۇغۇتخانىغا ئاران ئۈلگۈرگەن» بىچارە ئايالنىڭ مىننەتدارچىلىقى ياكى ئۆيىدىن ئېزىپ «يىغلاپ يۈرگەن بالىنىڭ كۆز ياشلىرى»نى ئېچىنىشلىق ھالدا سۆزلەشكە باشلايمەن. ياشراق مۇئەللىم تېڭىرقاپ قالىدۇ. قېرىراقى بولسا بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلايدۇ. ئاخىرىدا، كال ھەرىنىڭ چىشىدەك كەمتۈك «ئۈچ» نومۇرنى ئالىمەن - دە، شارت قىلىپ تۈزلاقتىن چىقىپ كېتىمەن.

تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر ئىشقا ھەيران قالىمەن. مەن يالغاننى سېرىك ئويۇنىدىكى سېھىرگەرنىڭ كۆز باغلىغىنىدەك توقۇۋېرىمەن - دە، ھېچكىممۇ مېنى يالغانچى دېمەيدۇ. ئەكسىچە، كىمگە نېمە دېسەم ھېچ گۇمانسىزلا ئىشىنىپ قالىدۇ. ئويلاپ - ئويلاپ، بۇنىڭ سىرىنىمۇ تاپتىم. بەزى ئادەملەر راست گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدۇ، نېمىشقىدۇ يەرگە قاراپ، قىزىرىپ سۆزلەيدۇ. مەن بولسام يالغان دېگەننى راستتەك قاملاشتۇرۇپ ئىشەندۈرۈۋېتىمەن. سۆزلىگەندە ھودۇقمايمەن، دۇدۇقلىمايمەن، ئەندىكمەيمەن، ئېچىنىمەن، ئۇھ تارتىمەن، تېخى كۆز يېشىمۇ قىلىمەن. شۇڭا مۇئەللىملىرىمنىڭ كۆزىگە بىچارە كۆرۈنىمەن. زىياپەتلەردە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرمىسامۇ، پەگاغا چۈشۈپ قالمايمەن، ساۋاقداش قىزلارنىڭ ئاجايىپ، سېھىرلىك تەبەسسۇمىدىن مەنمۇ چەتتە قالمايمەن.

بىزنىڭ تۈركىستان تەرەپلەردە لەيلىقازاق غازاڭ بولۇپ، ئەتىرگۈل ئېچىلىدىغان چاغدا دىپلوم يانچۇققا چۈشىدۇ. كىشىنىلەنگەن ئاتتەك شەھەردە ئاران - ئاران يۈرەتتىم، بىر سەكرەپ يېزىغا چىقتىم. كولخوزىمىزدا ئورازمەت سەپرا دېگەن ئادەم رەئىس ئىدى. ئۇ بەك قوپال، كېپى سېسىق ئادەم بولغاچقا، ئادەم بار - يوق دېمەي گەپتە چېقىۋالاتتى. بىراق ئۇنىڭ قىچىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن كولخوز ئىدارىسىگە بېرىپ:

— سىز يېزىمىزنىڭ سۇلتانىمىز ئاكا، — دېدىم كۆزۈمنى ئويناتىپ، — سۇلتان بولغاندىمۇ ئۇنداق - مۇنداق سۇلتانلاردىن ئەمەس، بەلكى سۇلتانلارنىڭ لاچىنىسىز. بىر لاچىننىڭ قانىتىدا مىڭ قۇشقاچ كۈن كۆرىدىكەن، مىڭ بىرىنچىسى بولۇپ ئالدىڭىزغا پاناھ تارتىپ كەلدۇق. قانىتىڭىزنىڭ ئاستىدا بىزمۇ رىزقى - نېسىۋىمىزنى تېرىپ يەپ يۈرسەك، ئورازمەتجان ئاكا...

ئۇ ماختاپ - كۆپتۈرۈشلىرىمدىن قالپاقتەك ئۇچتى، دەسلەپ ئەسنەپ ئولتۇراتتى،

«لاچىن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئىنىمگە كىرىشتى ـ دە، قەغەز، قەلەم ئىزدەشكە باشلىدى. بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىغا: «مالىيە خادىملىقىغا ئال» دەپ خەت يېزىپ بەردى. يەتتە پۈكلىنىپ تازىنىڭ يوغىنىنى قىلىپ رەھمەت ئېيتتىم.

«بىر كۈنى بېشىڭنى يەيمەنغۇ سېنىڭ» دېدىم ئىچىمدە، ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئىدارىدە مالىيە خادىمى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. بۆلۈم باشلىقى بىلەن دەسلەپتە ياغ بىلەن سۆدەك قاملىشالماي يۈردۈم. قاراپ تۇرسام، ئۇ ماڭا ئورا كولىماقچى. «ئۇنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىش كېرەك» دەپ ئىشنى ئۆزۈمگە خالىس خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تىلىمنى ئىشقا سېلىشتىن باشلىدىم. بىر كۈنى باشلىق بىلەن چايخانىغا كىردۇق..

ـ سىز ماڭا ئۆز قېرىندىشىمدىن چارى يېقىنسىز، مەنسۇر ئاكا، ـ دېدىم پېچىرلاپ، ـ تۈنۈگۈن رايونغا بارغان ئىدىم، بىر يېڭى خۇشخەۋەر ئاڭلىدىم. رەئىس يۆتكىلەرمىش، ئورنىغا سىزنى قويماقچىكەن. تازا خۇش بولدۇم، بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتىم دەڭا! مانا قاراڭ، ھەقىقەت بار ئىكەن، ئاكا . . .

باشلىق بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ: «ئورنىغا» دېدى، مەن: «چاچقان» دېدىم. ئۇ: «چۈشتى» دېدى، مەن: «گۈلدۈر» دېدىم. ئاخىرى ئىككىمىز «گۈپ» دەپ كۈلۈشتۇق. ئەتىسى پايپاسلاپ كولخوز ئىدارىسىگە باردىم. رەئىسنى تېپىپ، تارتىنىپراق ئالدىغا كىردىم. قارا قازاندەك قاپقارا چىرايىغا ئېگىشىپ:

ـ مەن سىزنى ئۆز قېرىندىشىمدىنمۇ چارى يېقىن كۆرەتتىم، رەئىس، ـ دېدىم تىل ياغلىمىلىق بىلەن، ـ ئاڭلىسام، ئەمدى بىزنى يېتىم قالدۇرۇپ تاشلاپ كېتىدىكەنسىز. تۈنۈگۈن رايونغا بارسام گۈر ـ گۈر گەپ، رايوننىڭ خوجايىنى كېتىدىكەن، ئورنىغا ئۇرازمەت ئاكا چىقارمىش، دەپ ئادەملەر چاۋاك چېلىپ يۈرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم ـ دە، ئالدىڭىزغا قاراپ يۈگۈردۈم.

ـ ئەگەر ئېيتقىنىڭ راست بولسا، تۆت يىلدا مېنىڭ ئورنۇمغا ئولتۇرىسەن! ـ دەپ سەپرا رەئىس ئۈستەلنى مۇشتىلىدى.

ـ ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن! ـ دەپ ئاستا ئالدىدىن يېنىپ چىقتىم. بۆلۈم باشلىقى مۆلدۈرلەپ ئىدارە تەرەپكە قارايدۇ، رەئىس بولسا ئۈمىدۋار بولۇپ رايونغا تەلمۈردۇ.

«قاراۋەرسۇن، ـ دەيمەن ئىچىمدە، ـ مەنچە بولسا، قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كەتسۇن! بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىدۇق.»

يالغاننىڭ قۇدرىتى مېنى خەۋپلىك ئورنىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، خىزمەتداشلار ئالدىدا قەددىمنى بىر غېرىچ ئۆستۈرۈپ قويدى. بۆلۈم باشلىقى سۇغا چىلىغان تال چىۋىقتەك يۇمشاپ قالدى. رەئىس مېنى كۆرسە قول بېرىپ ئەھۋاللىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئىسمەت قوشقاچ ئىدىم، ئىسمەتۇللا بولدۇم، ئىشىم ئوڭغا تارتقانسېرى ئىسمەتۇللابېگكە ئايلاندىم...

مېنىڭ ئىسمەتۇللابېك بولۇشۇمنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك، بىر كۈنى بوۋام، مومام، ئانام، ئۇكام مەسلىھەتكە باش قوشۇشتى.

ـ مۇشۈك كۆيلىدى، سەندىن زۇۋان چىقمايدىغۇ، ـ دېدى بوۋام، ـ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلەپ قوياي. دەردتىن باشقىنىڭ جۈپى ياخشى.

ـ كېلىنىمنىڭ ئىشىكىنى سۈپۈرەي بالام، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيت، ـ دېدى مومام.

ـ ئۆيلەنمىسىڭىز، ۋاقتىدا كېيىنگىلەرنى تىلىڭ! ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇكام شىرمەت، ـ ئۆزۈم ئەتىلا بىرنى باشلاپ كېلىمەن.

ئانام ئالدىمغا بىر توپ سۈرەتنى تاشلىدى.

راست، ئويلاپ باقسام، يىگىرمە بەشكە كىرىپتىمەنۇ، ئىشقى ـ مۇھەببەت دېگەن پەرىزات بىلەن بىردەم ئولپەت بولماپتىمەن. قېشىڭنىڭ ئاستىدا كۆزۈك بارمۇ، دەپ بىرەر قىزنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىماپتىمەن.

ئانام بەرگەن سۈرەتلەرنى قارتىدەك شىلاپ ئولتۇردۇم. قىزلار، قىزلار... ئاق يۈز، ئورۇق، بادام قاپاق، شەھلا كۆز... 19 ياش، 18 ياش... 18 ياشلىق قىزنىڭ سەتى بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. قىزدەم قىزنىڭ ھەممىسى ياخشى.

— نېمە دەيسەن؟ — مومام خىيالىمنى بۆلدى. يەنە سۈرەتلەرگە قارىدىم. ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ سۈرىتى يۈرىكىمنى «پىژ» قىلىپ كۆيدۈردى. ئۈنچىقماي ئېلىپ، يانچۇققا سالدىم. ئۆيدىكىلەر يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

يانچۇققا چۈشكەن قىزنىڭ ئىسمى ماھىرە بولۇپ، يېقىنىمىزدىكى كانچىلار شەھىرىدە سېيپۇڭ ئىكەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن بەش مېتىر رەختنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا باردىم.

— كاستيۇم - بۇرۇلكا تىكىپ بەرسىڭىز سىڭلىم، — دېدىم ئۇنىڭ قاپقارا، ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە تەلمۈرۈپ، — بولسا چاپسانراق.

— نېمانچە ئالدىرايسىز؟ — تېگىرقىدى قىز، — نۆۋەت بىلەن تىكىلىدىغان گەپ - تە.

مەن ساختا كەمتەرلىك بىلەن ھىجايدىم.

— ئالدىرىمايتتىممۇ... بىر ئايدىن كېيىن ئافرىقىغا خىزمەتكە بارىمەن. شۇڭا يېڭى مودىدا بولسۇن...، — دەپ سىپايىلىق بىلەن دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم، كەينىمدىن قىزلار پىچىرلىشىپ قېلىشتى.

ئەتىسى سېيپۇڭخانىغا يەنە كەلدىم. بۇ قېتىم ماھىرەنىڭ ئۆزى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ماھىرەخان، — دېدىم يالغاندىن ھاسىراپ، — ئىشەنسىڭىز، كېچىدىن ئۇخلىماي چىقتىم. چۈشۈمدە بىردەم سىزنى كۆرەبەن، بىردەم ئافرىقىنىڭ پىللىرىنى كۆرۈپمەن. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ گۈمبىزىدەك كېلىدىغان يوغان پىلنىڭ تۆپىسىدە ئالتۇن تەخت بار ئىكەن. شۇ تەختتە يىپەك چىمىلدىق ئىچىدە سىز ئولتۇرغۇدەكمىشسىز. مەن قوڭغۇراق چېلىپ، پىلنى يېتىلەپ كېتىۋاتقۇدەكمىشمەن.

قىز ئىزا تارتىپ يەرگە قارىدى...

ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىمدە قىز رازى بولدى. تۆتىنچى قېتىمدا توي كۈنى بەلگىلەندى. «كۈيئوغلىمىز ئافرىقىنىڭ پويىزىدا كېچىكىپ قالمىسۇن» دەپ قېيىن ئاتا-قېيىن ئانام تويىنى تېزلا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

چىمىلدىق يىغىلدى، چىلاقىمۇ تۈگىدى، ئەمما «ئافرىقىنىڭ پويىزى»دىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. ماھىرە بىر كۈنى مۈرەمگە ئېسىلىپ، ئەركىلەپ سورىدى:

— ئافرىقىغا قاچان كېتىمىز، ئىمىنتۇللا ئاكا؟

— ئافرىقا؟ — دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ، — ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇ تەرەپتە ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپتۇ، ھەممە يەر قالايمىقانمىشقۇ.

ماھىرە مەيۈسلىنىپ قالدى.

— يالغانچى.

بۇ — ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم تەنە گەپ ئاڭلىشىم ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان قىلچە ئەيمەنمەي ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چەكچىيىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدىم، لېكىن ھېچكىم يالغانچى دېمىگەن ئىدى، خۇتۇنۇم دېدى. ئېھتىمال ئۇ ماڭا چاقچاق قىلغاندۇ. بىراق چاقچاق قىلسىمۇ كۆڭلىدىكىنى دېدى. «يالغانچى...» دېگەن بۇ بىر ئېغىز گەپ يىڭنىدەك تاپىنىمدىن كىرىپ، مېڭەمدىن چىقتى. كۈن بويى قىزىتمام ئۆرلەپ يۈردۈم.

كېچە، يېتىپ ئويلاندىم: يېشىم ئوتتۇزغا يېقىنلاشتى، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى ياشاپ بولدۇم. سۆيگەن يارىم قوينۇمدا، قوڭغۇرىقى بوينۇمدا. بىر يىل بولار - بولمايلا كاتتا مالىيە خادىملىق ئورنىغا يامىشىپمۇ چىقتىم. قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي. ئىززەت - ھۆرمىتىم جايىدا. ئەمدى ماڭا نېمە كەم؟ نەچچە يىللاردىن بېرى ۋىجدانىمنى لاتىغا تۇگۈپ، قول يەتمەس يەرگە ئېسىپ قويۇپتىمەن، ئەمدى ئۇنى ئالاي، ئىچىمدىكىسىنى كۆكسۈمگە سالاي، راست سۆزلەي.

ئەتىسىدىن باشلاپ راستچىل بولۇشقا قەسەم ئىچتىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغا خوتۇنۇم تاپىلىدى:

— بۈگۈن ئاتىلار كېلىدىكەن، ۋاقتىدىراق قايتارسىز ئىسمەتۇللا ئاكا؟

— ئامال يوق، — دېدىم، — بۈگۈن ئىدارىمىزنىڭ قۇرۇلغان كۈنى، ئاش قىلماقچىمىز.

باشقا ۋاقىتتا خوتۇنۇمنى ئالداپ بىر-مۇنچە سەمرىتەتتىم. «ئەلۋەتتە كېلىمەن، جېنىم بىلەن!» دەيتتىم-دە، كېلەلمىسەم، كەچتە مىڭبىر باھانە تاپاتتىم: ئېتىزدا تراكتور ئۆرۈلۈپ كەتتى، پالانچىنى چايان چېقىۋاپتۇ، چەللىگە ئوت كېتىپتۇ ...

خوتۇن دومسىيىپ، تۈۋرۈككە يۆلىنىپ قالدى.

ئىدارىگە كەلدىم. ھويلىدا مەۋلان ئاكا دېگەن كونا تراكتورچى تۇرۇپتىكەن، ئىشخانامغا باشلاپ كىردىم.

— ماڭا قاراڭ مەۋلان ئاكا، — دېدىم، — نېمىشقا پۇلىڭىزنى ئالمايسىز؟ ياكى بېيىپ كەتتىڭىزمۇ؟

— نەدىكى پۇل؟ — دەپ تراكتورچى ئەجەبلەندى.

دەپتەرنى ۋاراقلاپ ھېسابلاپ بەردىم.

— مانا، مانا! ئۈچ يىلدىن بېرى يىغىلىپ 381 سوم 28 تىيىن بوپتۇ، بۇ — مايدىن، زاپچاسلاردىن تېجىگىنىڭىز. ئېلىش كېرەك، بالىلىرىڭىزنىڭ نېسىۋىسى.

مەۋلان ئاكا يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەرمىكىن دېسەم، ئەكسىچە خاپا بولدى:

— زاڭلىق قىلما ئىنىم. ئاتاڭ قاتارى بولمىسامۇ ئاكاڭ قاتارى ئادەممەن. كولخوزنىڭ باش ھېساباتچىسى ئون قېتىم ھېسابلاپ، بىر تىيىنىڭىزمۇ قالمىدى، دېگەن. نەدىكى بىر يوق پۇلنى بېرىپ مېنى بالاغا تىقماي دەمسەن؟

— كەچۈرۈڭ ... مەن راست... دەۋاتىمەن، — دېدىم نېمىشقىدۇ قىزىرىپ. مەۋلان ئاكا ئىككىلىنىپ قېپتىمۇ-دە، چىقىپ كېتىۋېتىپ بوسۇغىدا تۇرۇپ دوق قىلدى:

— نومۇس قىل ئۇكا، سەن تېخى ياش!

توۋا! ئادەملەرگە يالغان گەپ قىلساڭ، راست دەيدۇ، راست گەپ قىلساڭ ئىشەنمەيدۇ. مەن بۇ ئادەمگە ئۆز ھەققىنى ئۇندۇرۇپ بېرەي دېسەم، ئۇ مېنى چالما-كېسەك قىلماقچى.

چۈشتە ئىدارىمىزدە پولۇ ئەتتى. تالاپ دېگۈدەك يېيىشتى. بۆلۈم باشلىقىمىز مەست بولۇپ دەلدەڭشىپ قالدى. مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ ھاراق ئىچىپ، كەيپچىلىكتە چىنە-قاچىلارنى چاقسىمۇ، «ئەجەب خۇش خۇي مەست بولىسىز مەنسۇرجان ئاكا!» دەپ ماختايتتىم. ئەمدى يۈزىدىن-يۈزىگىلا گەپنىڭ توغرىسىنى قىلدىم:

— ئىچىشنى تاشلىشالمىسىڭىز، ئىچىپ نېمە قىلاتتىڭىز رەسۋالىشىپ؟

مەنسۇر ئاكىنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ تۆكۈرۈكلىرىنى چاچراتقانچە:

— قا-قاچاندىن بېرى ئىچ-ئىچەلمەيدىغان بو-بولۇپ قالدۇق... ھە؟ — ئۇ ئۇستەلنى بىرنى مۇشتلىدى.

— بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى، — دېدىم تەپ تارتماي.

بۆلۈم باشلىقى غالجىرلاشقان تۈگىدەك ماڭا ئېتىلدى:

— ھە، پەيلىڭنى بۇلىمەن قۇشقاچ!
ئولتۇرۇش بۇزۇلدى، تارقالدۇق.

چۈشتىن كېيىن رەئىس چاقىرتتى. رايوندا مالىيە خادىملىرىنىڭ يىغىنى بار ئىكەن. مەن كولخوزىمىز ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆزلەيدىكەنمەن. بىللە ماڭىدىغان بولدۇق.

رەئىس قىزىقچىلارنىڭ كېيىمىگە ئوخشايدىغان كاستيۇم كىيىپ چىقتى.

— قانداق؟ — دېدى ھەجەيىپ ماڭا.

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئادەتتە ئۇ چوۋا كىيىۋالسىمۇ ماختاپ، كۆككە كۆتۈرەتتىم، ئەمدى گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتتىم:

— ياراشماپتۇ.

ئورازمەت ئاكا بۇتۇنغانچە ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. رايونغا كەلدۇق. مەجلىس باشلاندى. ماڭا نۆۋەت كەلگەندە مۇنبەرگە چىقتىم - دە، كولخوزىمىزنى تەنقىدلەشكە باشلىدىم. ئىقتىسادىي ساھەدىكى ھەممە نوقسانلارنى ئېچىپ تاشلىدىم. ئادەملەر چاۋاك چېلىشتى، پرېزىدىئۇمدا ئولتۇرغانلاردىن بىر - ئىككىسى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاستا زالغا قارىسام، رەئىسىمىزنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، تۇمشۇقى تىمزىغا تېگىپ قاپتۇ.

چاۋاكلارغا كۆمۈلۈپ، مۇنبەردىن چۈشتۈم. سىرتقا چىقسام، ماشىنىمۇ، رەئىسىمۇ يوق، مېنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. يولۇچى ماشىنىسىدا ئاران ئۆيگە كېلىۋالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە رەئىس چاقىرتىپتۇ، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئىدارىگە باردىم. ئۇ ئىشخانىسىدا قەپەزدىكى يولۋاستەك بىتاقەت بولۇپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ تۇرغان ئىكەن. ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق گەپنى تىللاشتىن باشلىدى:

— قىپقىزىل ئەخمەق ئىكەنسەنغۇ! نېمە، قورساق تويدىمۇ؟ سېسىق كېكىرىپ قالدىڭمۇ؟ توۋا! باشقىلار تۆگىدەك كەمچىلىكى بولسا، قويىنىدا يوشۇرىدۇ - يۇ، بۇ ئۇكام قىلدەك نەرسىنى پىلدەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بىكار ئاۋارە بولما، مېنى ئاغدۇرالمايسەن. مېنىڭ يىلتىزىم چوڭقۇر! يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! ئىتنىڭ كالىسى ئالتۇن تەخسىدە تۇرماس، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن كونىلار...

قېنى، يەنە نېمە ئىشلار بولىدىكىن، دەپ ئىككى كۈن راست گەپ قىلىپ باقتىم، قارىسام، بولمىدى. مىسقاللاپ يىغقان ئابرويۇمنى پاتماللاپ چاچىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبلاستلىق تەپتىشتىن ئادەم كېلىپ جېنىمنى ئېلىپچاڭگالدا قويغىلىتاس — تاماس قالدى.

ئۇ كۈنى رەئىس يوق ئىكەن، تەپتىشتىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ماڭا تاپشۇرۇلدى. تاغقا چىقتۇق. تەپتىشتىن كەلگەنلەر كولخوز قويلىرىنى ئۇياققا ھايدىدى، بۇياققا ھايدىدى، ساناپ - ساناپ ئون ئىككىنى كەم چىقاردى. كېيىن «خوش» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قارىدى. مەن گەپنىڭ ئوغۇل بالىسىنى دەپ قويدۇم:

— ئەمدى، تەپتىش ئاكا، مېھمان - پېھمان كېلىپ تۇرىدۇ. شۇلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان - دە، كولخوزچىلىق...

تەپتىش قولىنىڭ تۆت بارمىقىنى تۈرمە پەنجىرىسى شەكلىگە كەلتۈرۈپ پەنجىرىنىڭ تۆشۈكىدىن ماڭا ھەجەيىپ قارىدى. كېلىمغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك نەپەستىن قالغىلى قىل قالدىم. چۈنكى رەئىس ھېلىقى «پەنجىرە»گە چۈشسە، يالغۇز ئۆزۈم زېرىكىمەن، دامكا ئويناپ ئولتۇرىمىز، دەپ مېنىمۇ قېشىغا چاقىرىپ كېتىشى مۇمكىن - دە! دېمىسىمۇ، ئۇ ئون ئىككى قوينىڭ بىر ئىلىكى بىزنىڭ كېلىمىزدىنمۇ ئۆتكەن. دەرھال ئەقلىمنى تېپىپ يالغانچىلىققا ئۆتتۈم:

— چاقچاق قىلدىم، تەپتىش ئاكا، سىزنى بىر سىناپ باقماقچى ئىدىم. ھالال - پاك ئادەم ئىكەنسىز. رەھمەت سىزگە! ھېلىقى كۈنى ئون ئىككى قوينىڭ ئالتىسىنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، تۆتى ياردىن غۇلاپ ئۆلدى، ئىككىسىنى توڭگۇز ئېتىپ يۈرگەن ئوۋچىلار بىلمەي ئېتىپ قويۇپتۇ، ئۇنى تۆلىتىۋالدۇق. ئىشەنمىسىڭىز ئاۋۇ چارۋىچىلىق تېخنىكىدىن سوراڭ.

— خۇدا ھەققى، راست! — دېدى چارۋىچىلىق تېخنىكى غال - غال تىترەپ.

— بۇ باشقا گەپ، — دېدى تەپتىش پوپەكىسىنى يېيىپ، — قوي دېگەننى بۆرە يەيدۇ، يارغا غۇلايدۇ.

قىسقىسى، تەپتىشنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنە بىر قوينى «يارغا غۇلاتتۇق». ئاكت يازدۇق. چىشىمىزنى كولاپ، كېكىرىپ يېزىغا ياندۇق.

ئەتىسى كەچتە ئەمدىلا ياتقان ئىدىم، چارۋىچىلىق تېخنىكى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. قولىدا ئىككى بوتۇلكا، قولتۇقىدا ئۆت كىلوچە گۆشمۇ بار.

— مېنى بىر بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇڭ، ئىسمەتۇللا، — دېدى يىغلامسىراپ، — سەن بولمىغان بولساڭ ئانامنى ئۈچقورغاندا كۆرەتتىم.

خېلىغىچە ئولپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇردۇق. چارۋىچىلىق تېخنىكى كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمچە ئويلاندىم: «خوش، موللا ئىسمەتۇللابېك، راست گەپ قىلىپ نېمە تاپتىڭىز؟ مەجنۇنتالنىڭ نوتىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ يالغان گەپ قىلىپ ئاش يېگەن ياخشىمۇ، راست گەپ قىلىپ تاش يېگەنمۇ؟» يۈرىكىمدىن «ئاش» دېگەن نىدا كەلدى.

ئەتىگەن بېرىپ مەنسۇر ئاكىدىن ئۆزۈر سورىدىم: «مەن ئۇ چاغدا ئەخمەقلىق قىلغان ئىكەنمەن. ئىتتەك ئىچىپ نېمە دېگىنىمنى بىلمەپتىمەن. گۇناھ قىلىش — كىچىكتىن، كەچۈرۈش — چوڭدىن، سىز ئۇلۇغ ئادەمسىز» دەپ چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلدىم.

— كېرەك يوق، ھەي تەنتەك، چاپىنىمنى يىرتىۋەتمە، — دېدى ئۇ يۇمشاپ.

بازاردا ھېلىقى قىرى تراكتورچىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىمۇ خاتىرجەم قىلدىم:

— مەن خاتالىشىپتىمەن مەۋلان ئاكا، بىزدە بىر تىيىنىمۇ ئېلىشىڭىز يوق ئىكەن.

بىچارە تراكتورچى خۇش بولۇپ مۈرەمگە ئۇردى:

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى يالغان گەپ قىلما.

رەئىس بىلەنمۇ ئەپلىشىپ قالدۇق، تەپتىش ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ يەنە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە كونا «ھۈنىرىم»نى تېپىۋالدىم. سۇناي ئاۋازىنى ئاڭلىسا تاپىنى قىچىشىدىغان دارۋازدەك، يالغان گەپ قىلمىسام تۇرالمايمەن. يالغان گەپ قىلسام يېگىنىم تېنىمگە سىڭىدۇ. قېنىپ ئۇخلايمەن، كۆڭلۈم خۇش يۈرىمەن.

بوۋام ئېيتقاندەك تونىمۇ، پەيتونىمۇ مېنىڭكى بولۇپ قالدى. قىرىق كۈن دېگەندە ئۆز خىزمىتىمگە قويۇشتى، ئالتە ئاي ئۆتكەندە كولخوزنىڭ باش ھېساباتچىسى قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن ئورازمەت ئاكىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا — چارۋىچىلىق بويىچە مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئۆستۈرۈلدۈم.

بىباھا يالغانلىرىمنىڭ ھېكمىتىدىن مېنى يەنە ئۆستۈرۈۋېرىشلىرى مۇمكىن ئىدى ... لېكىن ئىش بولمىدى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۈستى يېپىق بىر قارا ماشىنا كەلدى - دە، رەئىس بىلەن ئىككىمىزنى تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. ھېلىقى تەپتىشنىڭ پەنجىرە بارمىقى يادىڭىزدا بولسا كېرەك. بۇ خەتنى ئاشۇ پەنجىرە ئىچىدە يېزىۋاتىمەن.

نېرىقى ئۆيدە ئورازمەت ئاكا ئولتۇرىدۇ. زېرىككەندە بىللە دامكا ئوينايمىز. بەزىدە ئاتايىن ئۇتتۇرىمەن - دە، ئۇنى ماختايمەن:

— مەن سىزنى ئاتام دېگەن.

ئورازمەت ئاكا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ماڭا تەڭلەپ:

ھۇ، يالغانچى! ... دەيدۇ.

---

(يازغۇچىنىڭ ئۆزبېكچە «مەجنۇنتالنىڭ نوتىسى» دېگەن توپلىمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ)



رۇستەم ئابلىز فوتوسى

ئاق توشقىنىم


《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） «[illegible]شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئومۇميۈزلۈك ئەدەبىي ژۇرنال) 1991 - يىل 3 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：新疆日报社印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）

[illegible]جاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت [illegible] نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك [illegible] ئارقىلىق تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/I

本刊代号：58－22 定价：伍角

CN 65 - 1073/1 :بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى

[illegible] : 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

